# ئىزدىنىش

(تاللانما)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى

9

1995

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(ئايلىق ژۇرنال)

(تاللانما)

1995-يىل 9-سان

(ئومۇمىي 87-سان)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1995-يىللىق 13-، 14-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى

---

## مۇندەرىجە

**چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا**

—«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىشتىن ئالغان تەسىراتىم

........................................................ **جيڭ تيەنشياڭ**(2)

**كۆڭ فەنسېندىن چوڭقۇر ۋە ئۇزاققىچە ئۆگىنەيلى** ................. **جاڭ چۈەنجىڭ** (35)

**★9-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

---

# چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا

## — «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىشتىن ئالغان تەسىراتىم

### جياڭ تيەنشياڭ

## (1) بىز تارىختىكى ھېلىقى "دەۋرلىك قانۇنى"دىن ھالقىپ چىقىشىمىز كېرەك

جۇڭگو خەلقىنىڭ قەد كۆتۈرگىنىگە 45 يىلدىن ئاشتى. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى ئىجرا قىلىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتىدۇ. ئىلگىرىكىلەر زادىلا قىلىپ باقمىغان بۇ ئىشىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچىمىز بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئالدىمىزدا بىر ئۆتكۈر مەسىلە تۇرۇپتۇ، ئۇ بولسىمۇ چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ يامراپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت، بۇ مەسىلە مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئۇلۇغ ئىشلىرىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. بىز چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى تاكى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشكىچە بوشاشماستىن، كۈچلۈك ھالدا ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

1945-يىلى خۇاڭ يەنپېي ئەپەندى يەنئەننى زىيارەت قىلغان ۋاقىتتا، رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن تارىختىكى دەۋرلىك قانۇنى توغرۇلۇق پاراڭ سېلىشقانىدى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: "ئاتمىش نەچچە ياشقا كىرىپتىمەن، ئاڭلىغانلىرىمنى دېمەيلا قوياي، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىرىمدىن ئېلىپ ئېيتسام، 'بىردىنلا روناق تېپىپ'، 'بىردىنلا ھالاك بولۇپ كېتىدىغان' ئىشلار ھەقىقەتەن كۆپ بولغانىكەن، ئادەملەر،

ئائىلىلەر، گۇرۇھلار، جايلار ھەتتا دۆلەتلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى بۇ دەۋرلىك قانۇنىنىڭ باشقۇرۇشىدىن ھالقىپ كېتەلمەيتىكەن.» خۇاڭ يەنپېي ئەپەندى پارتىيىمىزنىڭ «بىر يېڭى يول تېپىپ چىقىپ، بۇ دەۋرلىك قانۇنىنىڭ باشقۇرۇشىدىن ھالقىپ ئۆتۈشى»نى ئۈمىد قىلدى.

رەئىس ماۋ زېدۇڭ شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا جاۋاب بېرىپ: «بىز ئاللىقاچان يېڭى يول تاپتۇق. بىز بۇ دەۋرلىك قانۇنىدىن ھالقىپ كېتەلەيمىز. بۇ يېڭى يول دېموكراتىيىدۇر. خەلق ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلىپ تۇرغاندىلا، ھۆكۈمەت ئاندىن بەل قويۇۋەتمەيدۇ. ھەممە ئادەم تەڭ مەسئۇل بولغاندىلا، ئاندىن رەھبەرنىڭ ئۆلۈشى بىلەن سىياسىتىمۇ تۈگىشىدىغان ئىش بولمايدۇ» دېدى.

چىرىكلىشىپ ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تارىختىكى ھېلىقى «دەۋرلىك قانۇنى»دىن ھالقىپ چىقىش ئۈچۈن رەئىس ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بوشاشماستىن تىرىشتى ۋە كۆرەش قىلدى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيىمىز ئىدىيە، سىياسىي، تەشكىلىي جەھەتتىكى پاكلىقىنى، كەڭ ئاممىا بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىسىنى ساقلاپ، 50-يىللاردا ۋە 60-يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياخشى پارتىيە ئىستىلى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىيات تۇرغۇزغانىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت ئۈن يىللىق بالايىئاپەت پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى بۇزۇۋەتىپ تاشلىدى. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، پارتىيىمىز «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پۈتۈن دىققىتىنى ئىقتىسادنى يۇكسەلدۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىي كۈچىنى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە قاراتتى. بۇ جەھەتتە، كەڭ خەلق ئاممىسى بىزنى ھىمايە قىلىدۇ. ئەمما، تۈرلۈك چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئەۋج ئېلىشى بىزنى ئاممىدىن ئېغىر ھالدا ئايرىپ تۇرىدۇ، بۇ بىز دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ ئېغىر خەتەردۇر. جاھانگىرلارنىڭ قامال قىلىشى ۋە ئېمبارگوسى يېڭى قۇرۇلغان خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلمىدى، ئۇلارنىڭ ئاتوم بومبىسى، ۋودورود بومبىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى تىپتىكى قورالىرىمۇ خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنى ھالاك قىلالمايدۇ؛ ئاممىدىن ئېغىر ھالدا ئايرىلىپ قېلىشىمىز بولسا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەنلەرگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىپ، بىزگە ئېغىر ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «چىرىكلەشكەنلەرنى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى چىرىكلەشكەنلەرنى جازاغا تارتمىساق، ھەقىقەتەنمۇ مەغلۇب بولۇش خەۋپى تۇغۇلىدۇ.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 650-بەت. تۆۋەندە بۇ كىتابتىن كەلتۈرۈلگەن نەقىلدە بەت نومۇرىلا بېرىلدى)

يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تونۇپ يېتىپ، چىرىكلىككە قارشى كۆرەش قوزغىدى. چىرىكلىككە قارشى كۆرەشتە مەلۇم نەتىجىلەر-

نى قولغا كەلتۈردۇق، لېكىن، تارىختىكى ھېلىقى ”دەۋرلىك قانۇنى“دىن ھالقىپ چىقىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەتىجىگە تېخى ئېرىشەلمىدۇق.

تارىختىكى گۈللىنىش بىلەن خارابلىشىش ئالمىشىپ تۇرىدىغان ”دەۋرلىك قانۇنى“ سىنىپىي جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ تارىخىي قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. سوتسىيالىستىك تۈزۈم يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكى دۆلەتلەردە، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەرقانداقى، ماھىيەتتە، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزەتتى، خەلق بىلەن قارشىلىشاتتى، مەيلى ئۇ قانداق ”رەھىملىك سىياسەت“نى يۈرگۈزسۇن، بىر مەزگىل قانچىلىك قۇدرەتلىك بولسۇن، ئاخىرقى ھېسابتا زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشتەك تەقدىردىن قۇتۇلالمىدى. خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى (پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى) دۆلەت ماھىيەتتە خەلققە ۋەكىللىك قىلىدۇ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك تۈزۈم بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولسۇن ياكى شەرقىي ياۋروپادا بولسۇن، ئۇزۇن ۋاقىتقىچە خەلققە نۇرغۇن-نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ۋە ئىشەنچىگە ئېرىشتى، بىراق، ناۋادا ئۇ ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن، ئاممىدىن ئېغىر ھالدا ئايرىلىپ قالىدىكەن، ۋەيران بولۇش ئاپىتىدىن قۇتۇلمىقى تەس. تارىخنىڭ قانۇنىيىتى مانا شۇنداق رەھىمسىز. ئەگەر پارتىيىمىز پاسسىپلىق-چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى قەتئىي تۈگەتسە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تېنىدىكى زەھەرلىك ئۆسمىلەرنى كېسىپ تاشلىۋەتسە، ئۇيۇل تاشتەك چىڭ بولىمىز. پارتىيىمىزنىڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىدىن بۆلەك ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى يوق، ئامما بىلەن ماھىيەتتە قان بىلەن گۆشتەك باغلانغان. بىز بۇ نۇقتىنى ئورۇندىيالايمىز، بىز تارىختىكى ھېلىقى ”دەۋرلىك قانۇنى“دىن ھالقىپ چىقالايمىز.

## (2) ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېندا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك

پارتىيىمىز مەملىكەتلىك 1-قۇرۇلتىيىدىن مەملىكەتلىك 14-قۇرۇلتىيىغىچە، كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى باشتىن-ئاخىر ئۆزىنىڭ كۈرەش نىشانى قىلىپ كەلدى، پارتىيىنىڭ پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئالدىنقىسى يېقىنلا كېيىنكىسى ئورنىنى بېسىپ، قان كېچىپ جەڭ قىلىشىدىن مەقسەت، ئەڭ تۆۋەن پروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئالىي پروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، يېڭى دېموكراتىزم ئارقىلىق سوتسىيالىزمغا يېتىش، ئەڭ ئاخىرىدا كوممۇنىزمغا يېتىش ئىدى. قانچىكىرەك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەنسېرى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتكۈل پارتىيىنى، خەلقنى، ياش-ئۆسمۈرلەرنى كوممۇنىستىك غايە بىلەن تەربىيىلەشنى شۇنچىكىرەك تەكىتلىدى. ئۇ سەممىيلىك بىلەن مۇنداق دەپ

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىغا قويىدى: ”بىزنىڭ قىلىۋاتقىنىمىز سوتسىيالىزم ئىشى، ئاخىرقى مەقسىتىمىز كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش. تەشۋىقاتتا بۇنىڭغا ھەرقاچان سەل قارالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.“ (226-بەت)بىز ھەربىر كومپارتىيە ئەزاسىدا، كوممۇنىزم ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت بىر ئېنىق نىشان بار.

ماركسىزم دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇيان، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۇنيادىكى كاپىتالىستىك، جاھانگىر كۈچلەر ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئەكسىيەتچىلەر ماركسىزمنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دۈشمىنىمىز دەپ قاراپ، سوتسىيالىزمنى يوقىتىشنى بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ كەلدى. ئۇلار كۆپ قېتىم ئىس-تۈتەك بىلەن قاپلانغان ئۇرۇشلاردا مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغاندىلىقتىن، ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنى ئاساس قىلغان ستراتېگىيىنى قوللاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كەتكەن، شەرقىي ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئىس-تۈتەكسىز ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەشتى. ئۇلار جۇڭگودىمۇ مۇشۇنداق غەلىبىگە ئېرىشىشكە ئۇرۇنماقتا. غەرب ستراتېگىيىچىلىرى بەزى تەبىئەت قانۇنىيىتىنى خېلى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ خىيالىچە، يەنە نەچچە ئون يىل ئۆتسە، پېشقەدەم بىر ئەۋلاد پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ئالەمدىن ئۆتكەن بولىدۇ، كومپارتىيىنىڭ كونا تايانچىلىرى يوق بولىدۇ، ياشلار جاھانگىرلارنىڭ سىڭدۈرگەن مەدەنىيىتىنى، غەرب ئەللىرىنىڭ دۇنياقارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى قوبۇل قىلىپ، غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئىنتىلىدىغان بولسىلا، 30 يىل، 50 يىل ئۆتمەيلا كوممۇنىزم ئىدىيىسى جۇڭخۇا زېمىنىدىن يوقايدۇ، ئۇ ۋاقىتتا، 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق مۇقەددەس زېمىن تەبىئىيلا ھالدا غەرب كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ خەرىتىسىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

دەل مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، ئىنتايىن مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىتتا، بىز ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋاتقان، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ كوممۇنىستىك غايە، ئېتىقادنى قايتا-قايتا شەرھلەپ، كوممۇنىستىك ئىدىيە بىلەن غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەشنى تەكىتلىدى. كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈشىمىز، ئۇنىڭ جۇڭخۇا زېمىنىدىن يوقاپ كېتىشىگە ھەرگىز قاراپ تۇرماسلىقىمىز كېرەك! بىز نۆۋەتتە جىددىي سىناققا دۇچ كېلىۋاتىمىز، بىز ماڭىدىغان يول ناھايىتى ئۇزۇن، بىز غەلىبە قازىنىمىز. بىراق، يول ئەگرى-توقاي، ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقىمىز. كوممۇنىزمدىن ئىبارەت بۇ غايە، بۇ نىشان بار بولغاندىكىن، قانداق ئەھۋالغا يولۇقمايلى، نىشاندىن ئازماي، قەتئىي تەۋرەنمەي، باشتىن-ئاخىر كوممۇنىزمغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەيمىز.

بىز تارىختىكى ”دەۋرلىك قانۇنى“دىن ھالقىپ چىقمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن زېھنىي كۈچىمىزنى

مەركەزلەشتۈرۈپ، پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن ئىقتىسادىمىزنى يۈكسەلدۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ بارلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسى. ئەمما، ئاران مۇشۇنچىلىكلا قىلىش كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كوممۇنىستىك غايە، ئېتىقاد تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. بىرىنچىدىن، پارتىيىمىز ئىچىدە، كومپارتىيە ئەزالىرىنى ھەقىقىي يوسۇندا كوممۇنىزم ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىدىغان سادىق جەڭچىلەردىن قىلىپ چىقىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىدا، ياش-ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنىڭ ئىلغارلىرى ئارىسىدا تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئەۋلاد-ئەۋلاد كوممۇنىستىك ئۇلۇغۋار غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق يېڭى كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. بۇ چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش، شۇنداقلا تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى كۈرەشنى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش يولىدىكى مۇھىم ۋەزىپىدۇر. ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى تارماقلار چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى ياكى قوللاندى. مەسىلەن، قانۇن تۇرغۇزۇشنى كۈچەيتىش، تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى كۈچەيتىش، چەكلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋەھاكازالار، بۇلارنىڭ ھەممىسى زۆرۈر ھەم مۇھىمدۇر. ئەمما، پەقەت سىرتقى كۈچنىڭ چەكلىشىلا بولۇپ، كوممۇنىستىك غايىدىن ئىبارەت ئىچكى كۈچ ئاساسى بولمىسا، ئىدىيىۋى قورال ۋە روھىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولمىسا، ئاڭلىقلىق بولمىسا، ئۇنداقتا، قانۇن، تۈزۈم، ئىنتىزام، چەكلەش، نازارەت قىلىش دېگەنلەردە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشمەك تەس بولىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 5-قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش چىرىكلىكنى توسۇش ۋە ئۆزگەرتىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى بىر تۈرلۈك تۈپ خاراكتېرلىك چارە. ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشتە، ئەڭ ئاساسلىقى، كوممۇنىستىك غايە، ئېتىقاد تەربىيىسىنى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتى توغرىسىدىكى تەربىيىنى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، تىرىشچان-ئىقتىسادچىل بولۇش تەربىيىسىنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇپ، دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىننىڭ بۇ سۆزى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېندا چىڭ تۇرۇشنىڭ ھالقىسىنى ۋە مۇھىم نۇقتىسىنى كۆرسىتىپ بەردى.

www.uyghurkitap.com

كوممۇنىستىك غايە، ئېتىقاد چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىككە تۈپتىن زىت كېلىدۇ. نۆۋەتتە، پۇلپەرەسلىك خېلىلا ياماراپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەلىرىگە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن ساھەسىگە سىڭىپ كىردى. بەزى ئىشلاردا ھەق-ناھەق ۋە پايدا-زىياننى، گۈزەللىك-سەتلىك ۋە ياخشى-يامانلىقنى ئايرىشتا پۇل ئۆلچەم قىلىنىدىغان بولۇپ قالدى، "شەخسىي غەرەز بولمىسا بېيىغىلى بولمايدۇ"، "ساختا تاۋار بولمىسا بېيىغىلى بولمايدۇ"، "جالاپ بولمىسا بېيىغىلى بولمايدۇ"، "ئوغرىلىق قىلمىسا بېيىغىلى بولمايدۇ"، "شەھۋانىيلىق ئارقىلىق مەبلەغنى ئۆزىگە قارىتىش"، "ئۆچتە ھەمراھ بولۇش يوللۇق"، "پارا بېرىش يوللۇق"، "پارا ئېلىش يوللۇق"، "چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە تەسىر كۆرسىتىدۇ"، "ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىلسە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە تەسىر يېتىدۇ" دېگەندەك جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىگە زىت كېلىدىغان نەرسىلەر ھەددىدىن ياماراپ كەتتى. پۇلپەرەسلىك بەزىلەر تەرىپىدىن ھازىرقى زاماندىكى يېڭى دولقۇن دەپ ئىزاھلاندى. خىيانەتچىلىك قىلغان، ئوغرىلىق قىلغان، ھايانكەشلىك قىلغان، پارا بەرگەن، پارا ئالغان، ئالدامچىلىق قىلغان، ساختا تاۋارلارنى ئىشلىگەن ۋە ساتقان، ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ پايدا ئېلىۋالغان تۈرلۈك جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ بەزىسى ھەتتا شەرەپ تاجىنى كىيىپ يۈردى. بىردىنلا بېيىپ كەتكەنلەرنىڭ، ئالدامچى ئۇنسۇرلارنىڭ ھەددىدىن بەتتەخەجلىك قىلىشلىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىلىپ، بولۇشىچە كۆپتۈرۈلدى. كاپىتا-لىزمنىڭ چىرىك-پاسكىنا ئېقىمى فېئودالىزمنىڭ قالدۇق-سارقىندىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ خەلققە، ياش-ئۆس-مۈرلەرگە قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

بەزىلەر، جۇڭگودا ھازىر يۈز بېرىۋاتقان چىرىكلىك ھادىسىلىرى پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش تېخى ئورۇندالمىغانلىقتىن، بازار تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن بولۇۋاتىدۇ، دېيىشىدۇ. راست شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچىلىك قىلغانلىقى، پارا يېگەنلىكى توغرۇلۇق پات-پات سەتچىلىك چىقىپ تۇرىدىغان، ئۇ "ۋەقەسى"، بۇ "ۋەقەسى" دېگەندەك ۋەقەلەر چىقىپ تۇرىدىغان كاپىتالىستىك چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بازىرى تولۇق تەرەققىي قىلمىغانمۇ؟ دۇنيادا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ھەممىدىن بەك ساتىدىغان جاي، جالاپلىق قىلىش، قىمار ئويناش مۇھىم كەسىپ بولۇپ قالغان جاي بازار ئىگىلىكى تازا تەرەققىي تاپقان جاي ئەمەسمۇ؟ دۇنيادا جىنايى ئىشلار ئەنزىسىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان چوڭ شەھەر بازار تازا تەرەققىي قىلغان شەھەر ئەمەسمۇ؟ كاپىتالدىن چىرىكلىك پەيدا بولىدۇ. تارىختىكى چىرىكلىكنىڭ ھەممىسى سىنىپىي ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىدىن پەيدا بولغاندى. تۈپ ئاساسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەقەت سوتسىيالىزم، كوممۇنىزملا چىرىكلىكنى نېگىزىدىن يوقىتالايدۇ.

مەملىكىتىمىزدە ھازىر چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ مۇشۇنچە ياماراپ كېتىشى بۇرژۇئازىيە چىرىك ئىدىيىسىنىڭ بىسىپ كىرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. پۇلپەرەسلىك، بۇرژۇئازىيىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردا قېپقالغان فېئوداللىق ئىمتىياز ئىدىيىسى، فېئوداللىق راھەتپەرەسلىك ئىدىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، دۆلەتكە ۋە خەلققە شۇ قەدەر بالايىئاپەت كەلتۈرۈۋاتقان چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلغان. نېمە ئۈچۈن ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھازىرقىدەك ياخشى ۋەزىيەتتە كوممۇنىستىك غايە، ئېتىقاد بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى، خەلقنى تەربىيىلەشنى تەكىتلەيمىز؟ نېمە ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بىلەن كوممۇنىزم تەربىيىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش لازىم بولىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە. كوممۇنىستىك ئىدىيە سىستېمىسى بىلەن كاپىتالىستىك ئىدىيە سىستېمىسى، سوتسىيالىستىك تۈزۈم بىلەن كاپىتالىستىك تۈزۈم بىر-بىرىگە تۈپتىن قارىمۇقارشى بولغان ئىككى سىستېما ۋە تۈزۈم بولۇپ، ”بىردەك“ بولۇشقا يۈزلىنىشى مۇمكىن ئەمەس؛ ”بىردەك“ بولۇپ قالسا، يوروق جۇڭگو قاراڭغۇ-زۇلمەتلىك جۇڭگوغا چېكىنىپ كېتىدۇ. بىز غەرب دۇنياسى بىلەن ئىقتىسادىي، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ھەمدە مەلۇم دائىرىدە سىياسىي جەھەتتە ھەمكارلىشىمىز، ئەمما، ئىدىيە جەھەتتە بىرلىشىپ باشقۇرۇشقا، شېرىكلىشىپ باشقۇرۇشقا بولمايدۇ، چەت ئەلنىڭ قول تىقىشىغا، ئۇلار بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ كېتىشكە بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە مەيدانىمىز مۇستەھكەم ھەم ئېنىق، قىلچىمۇ مۇجمەل پوزىتسىيە تۇتۇشقا ئورۇن يوق. غەربتىن پەن-تېخنىكىنى، ئىلغار بولغان ئىلمىي باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىش كېرەك، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك، پۇلپەرەسلىك، بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىنى بولسا پەقەت ئۆگىنىشكە بولمايدۇ. ئۆگەنسەك پارتىيە، دۆلەتنىڭ يوقىلىش خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. بۇمۇ ئۆز-ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك بىر ئىش، بۇنىڭدىمۇ قىلچە مۇجمەل پوزىتسىيە تۇتۇشقا بولمايدۇ.

كوممۇنىستىك غايە، ئېتىقاد تەربىيىسىنى كۈچەيتىش بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىش بىر-بىرىگە زىت كېلەمدۇ-يوق؟ زىت كەلمەيدۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىش بىلەن كوممۇنىستىك غايە، ئېتىقاد تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنى بىرلەشتۈرۈش. مەملىكىتىمىز خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشى جەريانىدا، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن كوممۇنىزم ئەسلىدە بىرلىشىپ كەتكەنىدى. مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن باشلار، مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن ئىشچىلار، دېھقانلار، ئەسكەرلەر ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن كوممۇنىزم سېپىگە قاتناشقانىدى. نۇرغۇن-نۇرغۇن مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار، مەشھۇر ئالىملار، يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار، مائارىپچىلار ئەڭ ئاخىرىدا سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم يولىغا قەدەم تاشلىدى. ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن كوممۇنىزمغا ئۆتۈش — مانا بۇ، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى، ھازىرقى زامان تارىخى، بۈگۈنكى تارىخنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولى ئىدى. بىزنىڭ تەربىيىمىز، بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان تەربىيىمىز

www.uyghurkitap.com

بۇ تارىخىي قانۇنىيەت بويىچە بولۇشى ھەمدە بۇ تارىخىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

بىز ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز، كوممۇنىستىك تۈزۈمنى ئىشقا ئاشۇرۇش-تىن تېخى ناھايىتى يىراقتا، شۇنداق ئىكەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بارساقلا كۇپايە قىلامدۇ؟ كۇپايە قىلمايدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى كوممۇنىستىك غايە، ئېتىقاد تەربىيىسىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى تەرەققىي قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا كوممۇنىستىك جەمئىيەتكە يېتىپ بارىدۇ. بۇ تەدرىجىي توپلىنىدىغان، تەدرىجىي شەكىللىنىدىغان، تەدرىجىي يۈكسىلىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك بىر جەريان. بىراق، نى-نى ئۇزۇن سەپەرمۇ بىرىنچى قەدەمدىن باشلىنىدۇ. كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پەن-تېخنىكىنىڭ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلۈشى، ئىجتىمائىي ماددىي بايلىقلارنىڭ ئىنتايىن زور دەرىجىدە مول بولۇشىدىن باشقا، كىشىلەرنىڭ ساپاسى، ئەخلاق سەۋىيىسىمۇ ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلۈشى كېرەك. ھەر جەھەتتىن يېتىلگەن، كوممۇنىستىك غايە، كوممۇنىستىك ئەخلاققا ئىگە يېڭى كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈشكە ناھايىتى ئۇزاق جەريان كېتىدۇ، ئۇنى تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىللە يېتىلدۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش جەريانىدا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا تەدرىجىي يېتىلدۈرۈش كېرەك. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، يولداش جياڭ زېمىن كوممۇنىس-تىك غايە، ئېتىقاد ئارقىلىق دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويدى. بولمىسا، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك توسالغۇسىز يېيىپ كىرىپ، پارتىيىنى، جەمئىيەتنى، سوتسىيالىزمنى چىرىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگونى غەرب جاھانگىرلىكىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

كوممۇنىزم تەشۋىق قىلىنسا كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقماي، كەڭ كۆلەملىك ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىگە تەسىر يەتكۈزەمدۇ-يوق؟ تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، كوممۇنىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن. كوممۇنىستلار ئۆزىنىڭ مەۋقەسىنى ئەزەلدىن يوشۇرماي-دۇ. كوممۇنىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىش نىشانىنى پارتىيىمىز ھېچقاچانمۇ ئۆزگەرتكىنى يوق، يوشۇرغىنىمۇ يوق. بىز ھەرگىز ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىگە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كوممۇنىست بولۇپ قېلىشىنى تەلەپ قىلمايمىز، بىزنىڭ بۇ پوزىتسىيىمىز ئېنىق، ئىلگىرى شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق. ئەمما، بۇ ھەرگىز بىزنىڭ كوممۇنىستىك غايە، ئېتىقاد توغرىسىدىكى تەشۋىقات-تەربىيىدىن ۋاز كېچىدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۆتمۈشتە، ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزۈلگەن ئىنتايىن جاپالىق يىللاردا، كوممۇنىستلار ھاياتىنىڭ خېيىم-خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلغانىدى، گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلاشقان دەۋردە

بىز كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلىشنى تاشلاپ ياكى بوشاشتۇرۇپ قويمىدۇق. سوتسىيالىزم دەۋرىدە، كوممۇنىستىك غايە، ئېتىقادنى نېمە ئۈچۈن ئەستايىدىل تەشۋىق قىلمايدىكەنمىز؟

## (3) چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئاساسىنى — سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى قوغداش كېرەك

چىرىكلىككە قارشى كۈرەش سوتسىيالىزمنى قوغداش يولىدىكى كۈرەشتۇر. جۇڭگودا سوتسىيالىزم بولمىسا خەلقنىڭ ھېچ نەرسىسى بولمايدۇ، ھالبۇكى، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرمىغاندا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشمۇ مۇمكىن بولماي قالىدۇ. روشەنكى، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى قوغداش چىرىكلىككە قارشى كۈرەشتىكى مۇھىم ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ.

چەت ئەلدىكى بەزى ئوبزورچىلار: جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى تەدرىجىي ئىلگىرىلەش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان؛ ئىسلاھاتى مەغلۇب بولغان دۆلەتلەر بولسا شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقتىن مەغلۇب بولغان، دېيىشىدۇ.

دەرۋەقە شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى: "ئىسلاھاتتا سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش — ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە. بىز سانائەتنى، يېزا ئىگىلىكىنى، دۆلەت مۇداپىئەسىنى ۋە پەن-تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرىمىز، ئەمما تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش دېگەن سۆزنىڭ ئالدىدا 'سوتسىيالىستىك' دېگەن سۆز بار، ئۇ 'سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش' دەپ ئاتىلىدۇ. بىز ھازىر دەۋاتقان ئىش — ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى سوتسىيالىزم پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلىدۇ." (281 — 282-بەتلەر) مانا بۇ، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىدۇر. بىزنىڭ يولغا قويغىنىمىز سوتسىيالىستىك ئىسلاھات، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدىكى ئىسلاھات، كاپىتالىزم يولىغا مېڭىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات ئەمەس. ئىسلاھاتى مەغلۇب بولغان دۆلەتلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ مەغلۇب بولۇشى ھەرگىزمۇ ئىسلاھات ئۇسۇلىنىڭ قانداق بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، سوتسىيالىزمدىن ۋاز كېچىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھەدەپ خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، كاپىتالىزم يۆنىلىشىگە قاراپ شىددەت

بىلەن ئىلگىرىلىگەنلىكىدىن بولغان.

سوتسىيالىزمدا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ ھەقتە ناھايىتى ئېنىق، ئۇنىڭ ئۇستىگە قايتا-قايتا چۈشەندۈرگەندى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى: "بىزنىڭ ئىشكنى ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە قوللىنىۋاتقان بارلىق سىياسەتىمىز سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىز يەككە ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا يول قويىمىز، جۇڭگو-چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار-نىڭ ۋە چەت ئەللىكلەر ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارنىڭ راۋاجلىنىشىغىمۇ يول قويىمىز، لېكىن باشتىن-ئاخىر سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىمىز." (226-بەت)"قىسقى-سى، بىرى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، يەنە بىرى ئورتاق بېيىش — سوتسىيالىزمنىڭ چىڭ تۇرۇشىمىز شەرت بولغان توپ پرىنسىپلىرى." (227-بەت) بىزنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە يات ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇشىمىز مۇھىم بىر تەدبىردۇر. يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان خېلىلا تەرەققىي قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە ناھايىتى پايدىلىق روللارنى ئوينىدى، بۇندىن كېيىنمۇ خېلى چوڭ تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ. ئەمما، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىدا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنىشى شەرت. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە يات ئىقتىسادىي تەركىبلەر سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ تولۇقلىمىسى، يەنە كېلىپ كەم بولسا بولمايدىغان تولۇقلىمىسى، ئەمما ئۇ باشتىن-ئاخىر تولۇقلىمىلا بولۇپ تۇرىدۇ، ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتەلمەيدۇ، تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپ چىقارسا بولمايدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا، بىز تۈرلۈك سىياسەتلەرنى قوللىنىشتا، غەربنىڭ باشقۇرۇش شەكلى، باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئەينەك قىلىشتا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك، دېمەك، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىنى باشتىن-ئاخىر ساقلىشىمىز كېرەك. بىز ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ھەتتا ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان ھەرقانداق "نەزەرىيە"گە قارشى تۇرىمىز. بۇنى چۈشىنىش ناھايىتى ئاسان، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلمىغاندا، سوتسىيالىزمدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. نېمە ئۈچۈن كاپىتالىزم يولىغا ماڭماقچى بولغان دۆلەتلەر باشتىلا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە كەڭ كۆلەمدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ؟ ناھايىتى ئېنىقكى، سوتسىيالىس-تىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى بۇزمىسا، كاپىتالىزم يولىغا ماڭالمايدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھاتتا پۈتۈن



www.uyghurkitap.com

دۇنيا كۆز تىكىۋاتقان مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشى، بەزى دۆلەتلەردەك تۈيۈق يولغا ماڭماسلىقىدىكى بىر
مۇھىم سەۋەب، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرغانلىقىمىزدا؛
مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا سىياسىي جەھەتتە مۇقىم بولۇشى،
ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق بولۇشىدىكى ئىقتىسادىي ئاساس ئومۇمىي مۈلۈكچە-
لىكنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت. بىز سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى بۆلۈۋېتىش، پارچىلىۋېتىش،
پىلە قۇرتىدەك يەۋېلىش، ئىگىلىۋېلىش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش مەقسەت قىلىنغان گەپ-سۆز ۋە ھەرىكەتلەرگە
قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى يەنىمۇ ئېچىۋېتىش جەريانىدا،
ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى باشتىن-ئاخىر
يېتەكچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىشكە، يوق قىلىۋېتىشكە ياكى
نامدا بار، ئەمەلىيەتتە يوق قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدا جۇڭگوچە سوتسىيا-
لىزم قۇرغىلى بولارمۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقى-
رىش كۈچلىرى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدۇر. سوتسىيالىستىك
دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىدۇر.
ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى يوقىتىپ، ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىش ئىشىنى پەقەت ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك
ئاساس قىلىنغان شارائىتتا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ناۋادا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى بۆلۈۋەتسەك، پارچىلىۋەت-
سەك، ئاجىزلاشتۇرۇۋەتسەك، قۇرۇق جازا، نامدا بار، ئەمەلىيەتتە يوق قىلىپ قويساق، يەنە نەدە جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم بولسۇن دەيسىز؟

سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلار سونسىيالىستىك ئومۇمىي
مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئۇلى ۋە تۈۋرۈكىدۇر. ئاساس قىلىش دېگەن نېمە؟ ئاساس قىلىش — ئومۇمىي
ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىش، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى بەلگىلەش، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش، ئومۇمىي
ۋەزىيەتنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنى ئۇل ۋە تۈۋرۈك
قىلمىغاندا، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساس بولالمايدۇ. پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولۇشى بىلەنلا،
بىزنىڭ باھانى تېزلا تىزگىنلىيەلىشىمىز، ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرالىشىمىزدىكى ئاساسىي كۈچ، يېڭا ئىگىلىكى-
دىن سىرت بيۇروكرات كاپىتالدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغان دۆلەت كارخانىلىرىدۇر. بىرقانچە قېتىملىق ئېغىر
ئىقتىسادىي داۋالغۇشتا ئۆزىمىزنى تېزلا ئوڭشىۋېلىشىمىز، ”ئاتوم بومبىسى، ۋودورود بومبىسى ۋە سۈنئىي
ھەمراھ“ قاتارلىق مۇھىم تۈر، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە تەتقىق قىلىپ ياساپ
چىقالىشىمىز، مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇرۇپ چىقالىشىمىز دۆلەتنىڭ قولىدا چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ بولغانلىقى-

دىندۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى: ”كاپىتالىزمغا سېلىشتۇرغاندا، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەل يېرى — پۈتۈن مەملىكەتنى بىر شاھمات قىلىپ، كۈچنى توپلاپ، مۇھىم نۇقتىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئىمكان بېرىش“ (31-بەت) سوتسىيالىزمنىڭ بۇ ئەۋزەللىكى نەدىن كەلگەن؟ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلىشتىن كەلگەن، بولۇپمۇ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلاردىن كەلگەن.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 45 يىلدىن بۇيان، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلار سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ كارخانىلار دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن سىرت ھەممە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە كۆپ قىسىم تۇرمۇش ۋاستىلىرى بىلەن دېگۈدەك تەمىنلەش ئىشىنى زىممىسىگە ئالدى، ئۇلار دۆلەت مالىيىسىنىڭ ۋە تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. ئۇلار يېزا ئىگىلىكىگە كۈچلۈك تۈردە ياردەم بەرگەن بولۇپ، مەملىكىتىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ كوللېكتىپلاشتۇرۇلۇشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق تىرىكى ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ ئەمتىكۈچىسى. ئۇلار بازارنى، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى، ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى ئاساسلىق كۈچ، شۇنداقلا جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى تايانچ كۈچ. ئۇلار زامانىۋىلاشقان دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ قوراللاندۇرغۇچىسى بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن ئۈن-تىنسىز تۆھپە قوشۇپ كەلدى. ئۇلار زامانىۋى پەن-تېخنىكىنىڭ تەتقىق قىلغۇچىسى ۋە كېڭەيتكۈچىسى بولۇپ، پەن تەتقىقات ئورگانلىرى، ئالىي مەكتەپلەر بىلەن بىرلىكتە مەملىكىتىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى ئۈچ ئاساسىي كۈچنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ يول ئاچقۇچىسى، مەملىكىتىمىزدە، ئادەتتە ئالدى بىلەن زامانىۋىلاشقان يىرىك سانائەت بارلىققا كېلىدۇ، ئاندىن شەھەرلەر زامانىۋىلىشىدۇ، بىرمۇنچە زامانىۋى شەھەرلەر زامانىۋىلاشقان سانائەت ئالدىن شەكىللەنگەن شارائىتتا شەكىللەنگەن. ئۇلار پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىزنىڭ ئىنقىلابىي ئەنئەنىسىگە ۋە ئىنقىلابىي روھىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى ۋە ئۇنى جارى قىلغۇچى، بۇ يەردە تەربىيىلىنىپ چىققان نۇرغۇنلىغان ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىدىن ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوممۇنىزم نۇرى ئەبەدىي چاقنايدۇ. ئۇلار سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قوغداشتىكى مۇھىم كۈچ، مەملىكىتىمىز خەلقىنىڭ تىنچ شارائىتتا ئەمگەك قىلىشىنى قوغداشتىكى مۇستەھكەم قورغان. ئۇلار سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى كۈچلۈك ئىستىھكام بولۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەشتىكى ئەڭ مۇھىم بازىلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇلار ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ قوللىغۇچىسى ۋە كۈچلۈك تۈرتكىسى، ئۇلار ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلار ۋە ئۇلار تەربىيىلىگەن ئىختىساس ئىگىلىرى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. يۇقىرىدىكى بىر قانچە جەھەت شۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، سوتسىيالىستىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ دۆلەتنىڭ

ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىدا تۇتقان ئورنى ۋە ئويnىغان رولىنىڭ ئورنىنى باشقا ئىقتىسادىي تەركىبلەر ئالالمايدۇ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك ئالالمايدۇ، ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرى ئالالمايدۇ، كوللېكتىپ ئىگىلىكمۇ پۈتۈنلەي ئېلىپ كېتەلمەيدۇ.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ كۆچى سۈپىتى ۋە مىقدارىدا. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلار جەزمەن خېلى زور مىقداردا بولۇشى، بۇ مىقدار سوتسىيالىستىك ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يىلسېرى ئازلاپ كەتمەستىن، بەلكى يىلسېرى ئېشىشى كېرەك. پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدە، ئۇلار ئىنتايىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. مىقدارى يېتەرلىك بولمىسا، ئىنتايىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرمىسا، سۈپەتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرالمايدۇ، كونترول قىلىپ تۇرالمايدۇ، پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئايلانماي قالىدۇ، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى ئىگەللىگىلى بولمايدۇ. سۈپەت جەھەتتە، ئاساسلىقى مەركەزلىكىدە ۋە ئىلغارلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئەۋزەللىكى ئالدى بىلەن مەركەزلىكىدە، ئۇ بىر تۇتام پۇل بولماستىن، مەركەزلەشكەن مۇكەممەل ئەمەلىي گەۋدىدۇر. بۇ ئەمەلىي گەۋدە بولمىسا، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىلكىدە تۇتقىدەك غايەت زور ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى شەكىللەندۇرگىلى بولمايدۇ، ئىلغار تېخنىكا، ئىلمىي باشقۇرۇش دېگەنلەر قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. بەزىلەر سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى قوغداشنى راۋا كۆرمەي، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، مالىيە، دۆلەت مۇداپىئەسى، مائارىپ، مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئىشلىرىدىكى مۇھىم رولىنى كۆچىنىڭ بېرىچە سۇندۇرۇۋاتىدۇ، نۆۋەتتە بەزى كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش ھادىسىسىگە ئېسىلىۋېلىپ، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنى جەمئىيەتكە يۈك دەپ تەسۋىرلەپ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىشنى، بۆلۈۋېتىشنى، پارچىلىۋېتىشنى جېنىنىڭ بېرىچە تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ، ھەتتا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، بۇ ئەڭ كۆپ سانلىق خەلقنىڭ تۈپ، يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ناھايىتى ياخشى باشقۇرۇلغان بولۇپ، ئىسلاھات جەريانىدا مول تەجرىبە توپلىدى، خېلى يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالغان خېلى كارخانىلارمۇ بار. بولۇپمۇ بىر تۈركۈم كونا دۆلەت كارخانىلىرى ئېغىر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بۇ چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلار نېمە ئۈچۈن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى؟ بۇنىڭدا نۇرغۇن سىرتقى سەۋەب بار. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى، بولۇپمۇ بەزى كونا دۆلەت كارخانىلىرى، كونا ھەربىي سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قىينچىلىقى تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە تېخنىكا جەھەتتە ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا كۆچى يەتمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان. يېڭى باج تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى، دۆلەت كارخانىلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج يەككە كارخانىلار، ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرىدىن ئېلىنىدىغان باجدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى ئىدى. بەزىلەر: "دۆلەت كارخانىلىرى كوللېكتىپ كارخانىلىرىغا يەتمەيدۇ، كوللېكتىپ كارخانىلىرى يەككە كارخانىلارغا يەتمەيدۇ، يەككە كارخانىلار ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرىغا يەتمەيدۇ" دېيىشىدۇ، بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن يەتمەيدۇ. ھېلىقىدەك مۇئامىلىدە ئادىل بولماسلىق مەسىلىسى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشقان، بۇنىڭ كاساپىتى بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بەزى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلار قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. مۇئامىلىدىكى بۇ ئادىلسىزلىقنى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنىڭ خاراكتېرى كەلتۈرۈپ چىقارغانمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

نۇرغۇن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىدا، ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ نۇرغۇن سەۋەب بار. بەزى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى بەكلا ئاجىز؛ بەزى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئۆم-ئىناق ئەمەس؛ بەزى رەھبەرلىك بەنزىسى ئىدىيىدە مۇتەئەسسىپ بولۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش غەيرىتى زور ئەمەس؛ بەزىلەر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش دولقۇنىدا چىرىكلىك ئىستىلىنى يۇقتۇرۇۋالغان بولۇپ، خىيانەت قىلىپ چىرىكلەشتى، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلدى؛ يەنە بەزىلەر پەقەت تارقىلىۋاتقان سۆز-ئىبارىلەرنى تەكرارلاپلا يۈردى، ھەقىقىي ئىشلەيدىغان غەيرەت-شىجائىتى، قەيسىرانە كۈرەش قىلىش روھى كەم بولدى، نەتىجىدە ئەسلىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا، بازار ئېچىشقا بولىدىغان شارائىتىمۇ يېڭى ۋەزىيەت يارىتالمىدى، بازار ئاچالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى رەھبىرىي ئورگانلاردا شەكىلۋازلىق ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكتىن، كارخانا باشقۇرۇشنى بوشاشتۇرۇپ ھەتتا تاشلاپ قويدى، ئاساسىي خىزمەت، ئاساسىي ماھارەتكە سەل قارىدى، شۇنداق بولغاچقا، تېخنىكا دېسە تېخنىكىدا، سۈپەت دېسە سۈپەتتە، تۈزۈكرەك يېڭى مەھسۇلات دېسە ئۇنىڭدا يوق بولۇپ قېلىپ، كارخانىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچى بولماي قالدى-دە، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. شۇڭلاشقا، بىز دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا ئالدى بىلەن كارخانىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى، رەھبەرلىك ئىستىلى ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشىمىز، ساختا سۆزلەر، كۆپچۈرمە سۆزلەر، ئەجنەبىي ئەقىدىلەر، ئەجنەبىي قائىدىلەرنىڭ ھىماتىدىكى چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ،

راۋرۇس تەرتىپكە سېلىشىمىز كېرەك.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنى جانلاندۇرغىلى، ياخشىلىغىلى بولامدۇ-يوق؟ بولىدۇ، نۇرغۇن پاكىتلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى. بىر تۈركۈم كارخانىلار ئىسلاھات جەريانىدا ناھايىتى ياخشى تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، كارخانىنى ناھايىتى ئوبدان باشقۇردى. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى. بىز 16 يىلدىن بۇيانقى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا خۇلاسىلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشىمىز، تونۇشىمىز، يەنە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشىمىز، يەنە تونۇشىمىز كېرەك. بىز ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت تەرىپىدىن قايتا-قايتا ئىسپاتلانغان پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىپ، شۇ پاكىتلاردىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنى ئوبدان باشقۇرۇشنىڭ چارىسىنى يەكۈنلەپ چىقىشىمىز كېرەك. چەت ئەلنىڭ بىزگە پايدىلىق بولغان ئۇسۇلىنى ئەلۋەتتە ئۆگىنىشىمىز كېرەك، مۇھىمى ئۆز يولىمىزدا مېڭىشىمىز كېرەك.

چىرىكلىككە قارشى كۈرەشتە جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشىمىز، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنى ئاساسلىق سەپ قىلىشىمىز كېرەك. ئىشچىلار سىنىپى سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئاساسىي قوشۇن، شۇنداقلا چىرىكلىكنى توسۇپ، ئايىنىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئاساسىي قوشۇن. بىز سانائەت ئىشچىلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئۇلارنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن تەربىيىلىشىمىز، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى، كوممۇنىستىك غايە، ئېتىقاد تەربىيىسىنى سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇشىمىز كېرەك. بىز سانائەت ئىشچىلىرى ئارىسىدا غەربنىڭ چىرىك مەدەنىيىتىنىڭ بېسىپ كىرىشىنى، فېئوداللىق قالدۇق ئىدىيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى، بازار ئىگىلىكىنىڭ پاسسىپ تەسىرلىرىنى توسايدىغان كۈچلۈك ئىستىھكام قۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ ئىستىھكام بولسا، بىز تەشەببۇسكار بولىمىز. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلاردا، بولۇپمۇ كونا دۆلەت كارخانىلىرى، كونا ھەربىي سانائەت كارخانىلىرىدا، پارتىيە تەشكىلىنىڭ كۈچى زور، پارتىيىنىڭ ئەنئەنىسى چوڭقۇر، پارتىيە رەھبەرلىكى كۈچلۈك، بۇ بىزنىڭ چىرىكلىككە قارشى كۈرەشمىزنىڭ كۈچ مەنبەسى، شۇنداقلا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا غەلىبە قازىنىشىمىزنىڭ ئىشەنچ مەنبەسى.

## (4) چىرىكلىكنىڭ پەيدا بولۇشى، يامراپ كېتىشىنىڭ يىلتىز مەنبەسى بولغان ”بازار ھەممىگە قادىر نەزەرىيىسى“نى توسۇش كېرەك

بىر مەزگىل چىرىكلىكنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ھەمدە جىنايەتنىڭ، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جىنايەتنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى يەنى ئالاھىدە چوڭ ئەنزىلەرنىڭ تېزدىن كۆپىيىپ كېتىشىدەك ئەمەلىيەتنى كۆزىتىپ باقساق، بۇلارنىڭ بەزى كىشىلەرنىڭ بازار ئىگىلىكىگە قارىتا خاتا يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئىقتىسادنى ماكرولۇق باشقۇرۇشنىڭ ۋاقتىدا يولغا قويۇلمىغانلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالمىقىمىز تەس ئەمەس.

پارتىيە 14-قۇرۇلتىيى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىشنى قارار قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھاتىنى كۈچلۈك تۈردە ئالغا سىلجىتتى. سوتسىيالىستىك دېگەن بۇ سۆز، بىز بەرپا قىلىۋاتقان بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بىلەن كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ خاراكتېرى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سوتسىيالىستىك دېگەن بۇ سۆز ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتىلغان بولۇپ، ياردەمچى سۆز ئەمەس، ستىلىستىك سۆزمۇ ئەمەس، غەربنىڭ بەزى ئوبزورچىلىرى: جۇڭگو بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەندىكىن، ئاخىرقى ھېسابتا غەرب كاپىتالىزم دۇنياسى بىلەن بىر يولدا ماڭىدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتىشتى. بۇ غەرب ستراتېگىيىچىلىرىنىڭ ئۇزۇن مەزگىلدىن بۇيانقى ئۈمىدى ۋە غەرىزى بولۇپ، ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، جۇڭگو زېمىنىدا، بەزى كىشىلەر بازار توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەر ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن ئەھۋالدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە قارىتا 14-قۇرۇلتاينىڭ قارارىغا ماس كەلمەيدىغان خاتا يېتەكچىلىكتە بولدى.

بىر خىل خۇراپاتلىق كەڭ تارقالدى. بەزى يازغۇچىلارنىڭ تەرغىب قىلىشى بىلەن، ”بازار ھەممىگە قادىر نەزەرىيىسى“ ئەڭ تارقىلىشچان نەزەرىيە بولۇپ قالدى. بۇ نەزەرىيە بويىچە بولغاندا، ھەممىنى بازار بەلگىلەيدىكەن، جۇڭگونىڭ ھەممە ئىشىنى بازارغا سېلىشقا توغرا كېلىدىكەن، ئاشۇ ”كۆزگە كۆرۈنمەس قول“نىڭ ئىلكىدە بولسىلا، ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ كېتىدىكەن، جۇڭگو زامانىۋىلىشىدىكەن، جۇڭگو تەرەققىي قىلىدىكەن. دېمەك، بارلىق كۆزقاراشلار، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، ئەخلاق قارىشى ھەتتا ئەدەبىيات-سەنئەت قارىشى، مائارىپ قارىشى ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى بازارغا يۈزلىنىدىغان بولدى.

بازار رىقابىتى نامى بىلەن چىرىكلىك ئېغىرلىشىپ كەتتى، جىنايەت ئۆتكۈزۈشمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەزەرىيىۋى تونغا يۆگەندى. بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىش ”سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش ئۈچۈن“ دېيىلدى، ئۈچتە ھەمراھ بولۇش ”مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن“ دېيىلدى، پارا بېرىش ”سېتىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن“ دېيىلدى، پارا ئېلىش ”ئادىل سودىلىشىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغانلىق“ دېيىلدى. ئوچۇق-ئاشكارە ھالدا پاھىشىخانا ئېچىش، قىمارخانا ئېچىش تەشەببۇس

قىلىنىپ، ”بازاردا ئېھتىياج بار، بازىرى بار، مال مەنبەسى بار تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئېچىشقا بولمايدىكەن؟“ دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بەزى جايلار ھەققەتەن شۇنداق قىلدى. ئىپلاسلىقلار بىلەن تولغان تانسخانا تۆرىدىكى سورۇنلار چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەرنى قاپلاپ كەتتى، بۇ سورۇنلارغا ”دانىشمەن“لەر، كاتتا ئادەملەر توپلاندى. شۇنىڭ بىلەن، سېرىق نەرسىلەرنى تازىلاپ بولغىلى، ”ئالتە زىيانداش“نى يوقىتىپ بولغىلى، نومۇسنى سېتىش، پاھىشىۋازلىق قىلىشنى چەكلەپ بولغىلى بولمىدى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش كۆپەيدى، ياش-ئۆسمۈرلەردىن جىنايەت ئۆتكۈزىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. ئەتكەسچىلىك تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ، پارتكوم شۇجىسى، مەمۇرىي باشلىق، قوراللىق ساقچى قىسىم كادىرلىرى پىلانلىغان چوڭ ئەتكەسچىلىك ئەنزىلىرى يۈز بەردى، نەچچە مىليون، نەچچە ئون مىليون، نەچچە يۈز مىليون، نەچچە مىليارد يۈەنلىك ئالدامچىلىق ئەنزىسى، مىليون، ئون مىليون، نەچچە ئون مىليون يۈەنلىك خىيانەتچىلىك ئەنزىسى، ئوغرىلىق ئەنزىسى يۈز بېرىپ تۇردى.

بازارنى سوتسىيالىزمنىڭ ئىزىغا چۈشۈرۈش كېرەكمۇ ياكى سوتسىيالىزمنى بازارنىڭ ئىزىغا چۈشۈرۈش كېرەكمۇ؟ بۇ ناھايىتى ئەمەلىي بىر مەسىلە. پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىدا: ”سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت تۈپ تۈزۈم بىلەن بىرلەشكەن بولىدۇ“ دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. سوتسىيالىزم دېگەن نېمە؟ يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتتى: ”سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش ۋە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىش.“ (777-بەت) بىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىكى نىشانىمىز پەقەت مۇشۇلا، باشقا نىشانىمىز يوق، پەقەت مۇشۇ نىشانغا قاراپ مېڭىش كېرەككى، باشقا ھەرقانداق نىشانغا قاراپ مېڭىشقا بولمايدۇ. بازارنى مۇشۇ نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەككى، بۇ نىشاننى بازار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، دۆلەتنىڭ نوپۇزىنى يوقىتىۋېتىشكە بولمايدۇ، دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى ماكرولۇق باشقۇرۇشنى ۋە تەڭشەش-تىزگىنلەشنى تاشلاپ قويۇشقا ھەم بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى — سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدا دۆلەت سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىگە ئاساسەن ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ئېلىپ بارىدىغان بازار ئىگىلىكىدۇر. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ”ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش جەھەتتە، سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىز خەلقنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتى بىلەن يىراق كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتىنى، قىسمەن مەنپەئەتى بىلەن بىر پۈتۈن مەنپەئەتنى بىرلەشتۈرۈپ، پىلان بىلەن بازاردىن ئىبارەت ئىككى خىل ۋاستىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرالايدۇ.“ ئەمەلىيەت دۆلەتنىڭ ئىگىلىكنى ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى

جەزمەن ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش لازىملىقىنى قايتا-قايتا ئىسپاتلىدى. ئەمەلىيەت يەنە سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلمىغاندا، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنى تايانچ قىلمىغاندا، دۆلەتنىڭ كۈچلۈك، دەل ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك بولغان ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشىنىڭ بولمايدىغانلىقىنىمۇ قايتا-قايتا ئىسپاتلىدى.

بىز بىر قىسىم رايونلارنىڭ ئاۋۋال بېيىشىغا يول قويۇشتا، پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ بىردەك بېيىشىنى نىشان قىلىمىز. بىردەك بېيىش دېگەنلىك مېخانىكىلىق تەڭپۇڭلۇق نەزەرىيىسىنى تەشەببۇس قىلغانلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە. تەڭپۇڭ بولماسلىق مۇتلەق بولىدۇ، بېيىغاندىمۇ يەنە تەڭپۇڭسىزلىق بولىدۇ. لېكىن، ئەگەر ئوتتۇرا رايونلار، بولۇپمۇ غەربتىكى ئاز سانلىق مىللەت چېگرا رايونلىرى ۋە بەزى كونا ئىنقىلابىي رايونلار بىلەن شەرقىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات پەرقى داۋاملىق كېڭىيىپ، بىر مىليارد نەچچە يۈز مىليون ئاھالىدىن بىر قىسىم رايونلاردىكى نەچچە يۈز مىليون ئاھالىلا بېيىغان بولسا، 30 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردىن ئاز سانلىقلا بېيىغان بولسا، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تۈپ ئاساسىدىن تەرەققىي قىلغانلىقىدىن، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ تۈپ ئاساسىدىن ئاشقانلىقىدىن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۈپ ئاساسىدىن ئۆسكەنلىكىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇ مەسىلىنى "كۆرۈنمەس قول"نىڭ ھەممىنى كونترول قىلىشىغا تايىنىش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

مەملىكىتىمىزدە ھازىر قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش سىزىقىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن 80 مىليون ئاھالە بار، دۆلەت نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش بويىچە مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش جېڭى قىلىشنى قارار قىلدى. دۆلەت مالىيە جەھەتتە قوللىمىسا ۋە پىلانلىق ھالدا يۆلىمىسە، ئاشۇ "كۆرۈنمەس قول"غا تايىنىپ نامرات خەلققە نىسبەتەن "ياخشىلارنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش، ناچارلارنى شاللىۋېتىش" يولغا قويۇلسا، مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغىلى بولامدۇ؟

سوتسىيالىزمنىڭ ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش كېرەك. جۇڭگودا، كىرىمدىكى پەرق چوڭىيىپ كېتىۋاتىدۇ، ھالال ئەمگەككە تايانماي، قانۇنغا رىئايە قىلماي بىردىنلا بېيىپ كەتكەن نۇرغۇن كىشىلەر بارلىققا كەلدى. بىز زۆرۈر بولغان سىياسەت ۋە چارە-تەدبىرلەر ئارقىلىق ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ، يېڭى بۇرژۇئازىيىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. "بازار ھەممىگە قادىر نەزەرىيىسى"گە تايىنىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولامدۇ؟

مەملىكىتىمىزدە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش پۈتۈنلەي يېڭى ئىش، خۇددى يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئېيتقىنىدەك: "بىر تۈرلۈك جاپالىق ھەم مۇرەككەپ بولغان ئىجتىمائىي سىستېما قۇرۇلۇشى" بولۇپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشىمىزگە، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز

يەكۈنلىشىمىزگە، ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ستىخىيلىكلىككە چوقۇنۇش، غەربنىڭ بازار ئىگىلىكىگە خۇراپىيلارچە چوقۇنىدىغان قاراشلارنى تارقىتىش، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشىنى كۆچەيتىشنى "كونا تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىك" دېيىش ۋەھاكازالار سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ماھىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چىرىكلىك ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈش دەل مۇشۇنداق چوقۇنۇش ۋە خۇراپىي قاراشلاردىن، بىر قىسىم كىشىلەر پەيدا قىلغان ئىدىيە قالايمىقانچىلىقىدىن، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق باشقۇرۇش جەھەتتە بەزى مەسىلىلەردە ئۆز ۋاقتىدا، كۈچلۈك تەدبىر قوللانمىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بۇرمىلاشقا ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان قالايمىقانچىلىققا قارشى تۇرمىغاندا، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولمايدۇ، جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىشتىمۇ دېگەندەك ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ.

## (5) تارقاقچىلىقنى ۋە كالتە پەملىكنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك

تارقاقچىلىق بىلەن كالتە پەملىك ماھىيەتتە بىر نەرسە، بۇ يولنى تۇتقۇچىلار چىرىكلىككە ۋە جىنايەتكە يول قويغۇچىلار ۋە ھامىي بولغۇچىلار، ھەتتا چىرىكلەشكەنلەر ۋە جىنايەتچىلەرنىڭ شېرىكى، بەزىلىرى ھەتتا پىلانلىغۇچىلاردۇر. بەزى چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى، بەزى ئېغىر جىنايى قىلمىشلارنى تۈگەتكىلى بولمايۋاتقانلىقى، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ كەڭ خەلقنىڭ ئۈمىدىدىن تولىمۇ يىراقتا تۇرۇۋاتقانلىقى تارقاقچىلىق ۋە كالتە پەملىك بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

تارقاقچىلىق ۋە كالتە پەملىككە بېرىلگۈچىلەر ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى ۋە يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتىنى ئېتىبارغا ئالماي، ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز تارمىقىنىڭ كۆز ئالدىدىكى قىسمەن مەنپەئىتىنىلا كۆزلەيدۇ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر تاختا شاخمات بولۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىغا، پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن، سىياسەتلىرىنىڭ ۋە دۆلەت پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ئاساسىي قانۇننىڭ ۋە قانۇنلارنىڭ بىردەكلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ئابرويىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئەڭ كۆپ ساندىكى خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئېغىر زىيانكەشلىك قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك.

ناھايىتى روشەنكى، كومپارتىيە ئەزالىرى، پارتىيىنىڭ كادىرلىرى، پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئارلاشمىسا ياكى ياپمىسا، نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلغىلى بولمايدۇ، قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنچىلا پاش قىلىپ

قولغا چۈشۈرۈلىدۇ، ئوڭايلا ئېنىقلىنىدۇ. چىرىكلىك بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ سەۋەبىنى قارا-قويۇقلا قانۇن-تۈزۈمنىڭ ساغلام بولماسلىقى ۋە مۇكەممەل بولماسلىقىدا دەپ قاراشقا بولمايدۇ. نۇرغۇن ئىشلار قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگەن، تۈزۈمدە ئېنىق بەلگىلەنگەن، گەپ شۇنىڭدىكى، قانۇن ۋە تۈزۈم دائىم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

قالايمىقان سېلىق سېلىش مەسىلىسىگە قاراپ باقايلى. تۈرلۈك چىرايلىقناملار بىلەن سېلىق سېلىش، ئازئارا بەسلىشىش، ھەممە تەرەپكە قول سۇنۇش ئەھۋالى مەۋجۇت، نۇرغۇن كىشىلەر، نۇرغۇن ئورۇنلار سېلىق سېلىش يولى بىلەن يىغىۋالغان زور مىقداردىكى پۇللار بىلەن ئۆز يانچۇقىنى تولدۇرۇۋالىدۇ، چوڭ يەپ چوڭ ئىچىدۇ، مېھمان چاقىرىپ سوۋغا تەغدىم قىلىدۇ، مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ، ئارقا ئىشىكتىن ماڭىدۇ، ھەتتا كەچلىك كۇلۇبلارغا بېرىپ ئويۇن-تاماشا قىلىدۇ، ئالىي دەرىجىلىك پىكاپلارنى سېتىۋالىدۇ، ئالىي دەرىجىلىك ئىشخانا بىنالىرىنى سالىدۇ، ئۆي-زېمىن ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ياكى باشقا ھايانكەشـ لىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ھايانكەشلىكتە ئارزۇسىدەك بولسا بۇزۇپ چاچىدۇ، مەغلۇب بولسا دۆلەتنىڭ ھېسابىغا كىرگۈزىدۇ. مەركەز بىلەن گوۋۇيۈەن قالايمىقان سېلىق سېلىشنى مەنئىي قىلىش توغرىسىدا كۆپ قېتىم بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ھېچ پەرۋا قىلماي ئۆز سەنئىمگە دەسسەۋەردى، يا كۆرۈنۈشتە ئەمەلدىن قالدۇرغان بولۇپ ئاستىرتتىن داۋاملاشتۇردى، يا كونىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ يېڭىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، دېمەك ئۇلار خەلقنى، سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالىنى نەزەردە تۇتماي ئۆزىنىلا كۆزدە تۇتتى.

ئىقتىسادىي ئالاقىلەردە، بىرەر رايون ئۇچۇن ئېيتقاندا، مەبلەغنىڭ كىرىم-چىقىم بولۇپ تۇرۇشى نورمال ئەھۋال، بونداق بولمايدىكەن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادى ئايلانماي تۇرۇپ قالىدۇ. بىراق ئىقتىسادىي ماجىرا يۈز بېرىپ، سوت مەھكىمىسى مەبلەغنى سىرتتىن ئەكىرىشكە ھۆكۈم قىلغاندا شۇ جاينىڭ رەھبەرلىرى خۇش بولۇشۇپ كېتىدۇ؛ سوت مەھكىمىسى مەبلەغنى ئۆز جايىدىن سىرتقا يۆتكەشكە ھۆكۈم قىلغاندا بولسا، بەزى رەھبەرلەر سوت مەھكىمىسىگە ”باشقىلارغا يان باستى“ دەپ گۇناھ ئارتىدۇ، چىڭ تۇرسالىڭ ”گەپ ئاڭلىمىدى“ دەيدۇ، يەنە چىڭ تۇرساڭ، ”يۆتكىۋېتىش“ ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. يىغىنلاردا بولسا قانۇن بويىچە ئەنزە بىجىرىش، سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا سوت قىلىشىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپلا تۇرىمىز. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەنزىلەر ئۈستىدىكى ھۆكۈملىرىنىڭ يۈزدىن 30-40 پىرسەنتى ھەتتا يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى قىيىنغا توختىدى، مۇشۇنداق بولۇشى يەرلىك قوغۇقچىلىقنىڭ ۋەسۋەسىدىندۇر. بەزى سوت مەھكىمىلىرى بولسا قانۇننى بۇزۇپ ئىش كۆرۈپ، يەرلىك قوغۇقچىلىقنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالدى.

ساختا، ناچار تاۋارلارنىڭ ئەۋج ئېلىپ ئاپەتكە ئايلىنىشى ئارقىسىدا، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرتىپ زىيانغا ئۇچرىدى، خەلق مەنپەئەتى ۋە دۆلەت مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىدى، دۆلەتنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە داغ تەگدى، پارتىيە ئىستىلى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىيات قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. سۈپەت تەكشۈرۈش بويىچە 10 مىڭ يوللۇق زىيارەتنىمۇ ئېلىپ باردۇق، ساختا، ناچار تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا زەربە بېرىش ئىشىنىمۇ ئېلىپ باردۇق، لېكىن ساختا، ناچار تاۋارلار ئەۋج ئېلىۋەردى، ئاپەت ئازايمىدى، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئۇنى قوللايدىغان، قانات ئاستىغا ئالىدىغان ئادەم بار-دە، بەزىلەرنىڭ سۈپەت تەكشۈرۈش زىيارىتى ساختا زىيارەت، زەربە بېرىشى ساختا زەربە بېرىش بولدى. ساختا تاۋار ئىشلەش يولى بىلەن بېيىش، ئالدامچىلىق قىلىش، قاقتى-سوقتى قىلىش يولى بىلەن بېيىش، پارا بېرىش يولى بىلەن سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش — مانا بۇلار كاپىتالىستىك تىجارەت ئىدىيىسى، تىجارەت ئۇسۇلى ۋە تىجارەت ئىستىلىنىڭ ئۆزى بولۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ تۈزۈمى بىلەن، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بىلەن سىغىشالمايدۇ. ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشتا بۇ يولنى تۇتۇشقا يول قويۇلمايدۇ، بىر قىسىم رايونلارنى ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنى ئالدىن بېيىتىشتا بۇ يولغا مېڭىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ دۆلەتكە ۋە خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغان قىلمىش ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ھالبۇكى، بەزى كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنداق قىلىش يۇقىرىغا يامىشىشنىڭ پەلەمپىيى، بەپ-ئىچىش، ئويۇن-تاماشا قىلىشنىڭ، پارا بېرىپ ئەمەلدار بولۇشنىڭ دەسمايىسى بولۇپ قالدى.

ئەتكەسچىلىك قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. چەت ئەللىكلەر جۇڭگودىن پۇل تېپىش كويىدا، بەزى جۇڭگولۇقلارمۇ دۆلەتنىڭ پۇلىنى سوقۇش كويىدا بولغاچقا، ئىچكى-تاشقى جەھەتتىن تىل بىرىكتۈرۈش، ئىچكى-تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىش زامانىمىزدىكى ئەتكەسچىلىكنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. "ئەتكەسچىلىك قىلماي بېيىغىلى بولمايدۇ" دېگەن سەپسەتىمۇ شۇنىڭغا يارىشا ئوتتۇرىغا چىقتى. ھەتتا بەزى پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش قوشۇنى، قوراللىق كىشىلەر ھەر خىل قانۇننى بۇزغۇچى ئۇنسۇرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، توشۇش، قوغداش، سېتىش يۈرۈشلەشكەن بىرمۇنچە ئەتكەسچىلىك لىنىيىلىرىنى شەكىللەندۈردى، دېمەك ئەتكەسچىلىك "يېڭى سەۋىيە"گە كۆتۈرۈلدى.

دەل-دەرەخلەرنى قالايمىقان كېسىش، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى قالايمىقان تۇتۇش، كان بايلىقىنى قالايمىقان قېزىش، نېفىتنى قالايمىقان بۇرغىلاش، قالايمىقان قېزىش، قالايمىقان چېكىلەش، ئەتىۋارلىق ھايۋانات-ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە ئەتىۋارلىق بايلىق مەنبەلىرىنى قالايمىقان تۇتۇش، قالايمىقان ئۆلتۈرۈش، قالايمىقان قېزىش، يەرلەرنى قالايمىقان ئىگىلىۋېلىش، قالايمىقان ئىشلىتىش، كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان

مۇھىت بۇلغىنىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ياشاش شارائىتىغا قاتتىق زىيان يەتكۈزىدىغان خىلمۇخىل ئەھۋاللار كىشىنى قاتتىق چۆچىتىدۇ، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كالتا پەملىك يولىنى تۇتقۇچىلارنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا چىقتى، يەنە كېلىپ ئۇزۇندىن بېرى پەسەيمەي كەلدى.

دائىم كۆرۈلۈپ تورغان بۇ ئىشلارنى خەلقىمىز ئوبدان بىلىدۇ. بۇ ئىشلار توغرىسىدا دۆلەتنىڭ قانۇنى يوق ئەمەس، دۆلەت بۇ ئىشلارنى قايتا-قايتا چەكلەپمۇ تۇردى. شۇنىسى بۇيرۇق ئىجرا قىلىنمىدى، چەكلەنگەن ئىشلار توختىمىدى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، تارقاقچىلىققا ۋە كالتە پەملىككە قەتئىي قارشى تۇرمىغاندا، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋە جىنايەتنى توسۇشتا ئۈنۈم ھاسىل قىلىش تەس بولىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ تارقاقچىلىقنى جىددىي ھالدا تەنقىد قىلىپ، ”پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى كۈچەيتىش لازىم“لىقنى كۆپ قېتىم تەكىتلەپ ئۆتتى.(662-بەت) ئۇ مۇنداق دېدى: ”مەركەزنىڭ نوپۇزى بولۇشى كېرەك. ئىسلاھاتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇنى مۇئەييەن رەھبەرلىك ئاستىدا تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىش شەرت. بۇ شەرت بولماي، ھەممە يەرنى ۋاراڭ-چۇرۇڭ قاپلاپ، ھەركىم ئۆز بىلگىنىچە ئىش قىلسا بولامدۇ؟ ’سەندە سىياسەت بولسا، مەندە قارشى تەدبىر بار‘ دېگەن گەپ بار، بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، مەركەزنىڭ سىياسىتىگە خىلاپ ’قارشى تەدبىر‘ قوللىنىشقا بولمايدۇ.“(572-بەت)

مەركەز بىلەن جايلارنىڭ مۇناسىۋىتى بىر زىددىيەت، ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ماۋجۇشى 1956-يىلىلا «10 چوڭ مۇناسىۋەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ”بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىشتا نوۋەتتە مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى مۇستەھكەملەش شەرتى ئاستىدا، جايلارنىڭ ھوقۇقىنى بىر ئاز كېڭەيتىپ، جايلارغا تېخىمۇ كۆپ مۇستەقىللىك بېرىشكە دىققەت قىلىش كېرەك، جايلار تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلسۇن. بۇ بىزنىڭ قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشىمىز ئۈچۈن بىر قەدەر پايدىلىق.“ ”مەركەزنىڭ ئاكتىپلىقى بىلەن جايلارنىڭ ئاكتىپلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئاكتىپلىقنىڭ بولۇشى بىرلا ئاكتىپلىقنىڭ بولۇشىغا قارىغاندا كۆپ ياخشى. بىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش ھەممىنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈۋېلىپ، جايلارنى قاتتىق قىسىپ، ئۇلارنى بىر ئازمۇ جانلىق ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى يوق قىلىپ قويماسلىقىمىز كېرەك.“ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ، ھوقۇقنى ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈۋالىدىغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش لازىم، دەپ كۆپ قېتىم كۆرسەتتى. پارتىيە ۋە دۆلەت بۇ جەھەتتە بىر قاتار كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللاندى، بۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. تارماق ۋە جايلارنىڭ ھوقۇقىنى

كېيىنكىلەرنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىدىن قارىغاندا، ...

كېگەيتىشتىكى بىردىنبىر مەقسەت كۈچلۈك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش، ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى مەركەزنىڭ رەھبەرلىكىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت. دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، بەگلىكلەر بۆلۈنمە ھاسىل قىلىۋالغان، يەرلىك كۈچلەر ھۆكۈم سۈرگەن، مەركەزنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرى ئوردىدىن سىرتقا چىقالمىغان دەۋرلەردە، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي قالمىغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راسا راۋاجلىنىشى بولسا، كۆپ ھاللاردا، دۆلەت بىر قەدەر بىرلىككە كەلگەن "گۈللەنگەن دەۋر"دە بولغان. پارتىيىمىزنىڭ تارىخىدىن قارايدىغان بولساق، پۈتۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىدىيىۋى، سىياسىي، تەشكىلىي ۋە ھەرىكەت جەھەتتە تازا بىردەكلىككە كەلگەن دەۋر ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن دەۋر بولغان. 16 يىللىق ئىسلاھات تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەركەزنىڭ گېپى گەپ بولغان، بۇيرۇغان ئىشلار قەتئىي ئىجرا قىلىنغان، مەركەزنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشى ئۈنۈملۈك بولغان چاغلاردا، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى غەلىبىسېرى ئالغا سىلجىغان، ئەكسىچە بولغاندا، زىيانغا ئۇچرىغان.

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئۆزئارا ھەمكارلىشىدىغان، ئۆزئارا تايىنىدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە، بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەر دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ، دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشى خېلى زور دەرىجىدە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ياردىمىدىن بولغان. بەزى رايونلارنىڭ بېيىشىدا تەرەققىي قىلمىغان رايونلارنىڭ دۆلەتكە قوشقان تۆھپىسى خېلى مۇھىم ئامىل بولغان. مەملىكىتىمىزدە، ئومۇمىيلىقتىن، قېرىنداش رايونلار، قېرىنداش ئورۇنلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، ھەرقانداق ئەزىمەتمۇ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرەلمەيدۇ.

"يۇقىرىدا سىياسەت بولسا، تۆۋەندە قارشى تەدبىر بار" بولۇش، يۇقىرىنىڭ دېگىنىگە پىسەنت قىلماي، ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىش چىرىكلىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا، يامراپ كېتىشىگە يول ئېچىپ بەردى، ھەتتا بەزى جىنايەتلەرنىڭ يۆلەنچىكى ۋە ھىماتى بولۇپ قالدى.

ماۋجۇشى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان پەيتتە، «ماۋ زېدۇڭ ھەربىي ئىشلار ئەسەرلىرى» نەشرىدىن چىقتى. بۇ ئەسەر دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ قوماندانىنىڭ ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسى، ستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسىنىڭ يىغىندىسىدۇر، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇرغۇن ماقالىلىرىدا پارتىيىمىزنى ھەممە ئىشتا بىڭىلمەس ئورۇندا تۇرغۇزىدىغان دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى چوڭقۇر، ئەتراپلىق ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن. كومپارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان كومپارتىيە ئەزالىرى ئۇرۇش مەزگىلىدە، بولۇپمۇ ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە ھەرقايسى چوڭ ستراتېگىيىلىك رايونلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا قانداق قىلىپ مۇستەقىل ئۇرۇش قىلغانلىقىنى، قانداق قىلىپ مەركەزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا تايانچ بازىلارنى قۇرغانلىقى، مۇستەھكەملىگەنلىكى ۋە كېڭەيتكەنلىكىنى، قانداق قىلىپ ئاڭلىق ھالدا ئۆزئارا ماسلاشقانلىقى، ئۆزئارا ياردەملەشكەنلىكى، قىسمەنلىكنى ئومۇملۇققا بويسۇندۇرغانلىقى، ھەم زۆرۈر تېپىلغاندا قىسمەنلىكنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئومۇملۇق بويىچە چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىشى كېرەك. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىدا تېخىمۇ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان، خەلق ئىگىلىكىنى ئىزچىل، تېز ۋە ساغلام راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا، تەرەققىيات پۇرسىتىگە ھەم قاتتىق بېسىم ۋە مۇسابىقىگە دۇچ كېلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن ئارمىيىنىڭ جاپالىق ئۇرۇش يىللىرىدا قانداق قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتنى بىر تاختا شاخمات قىلغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتۈشىمىز مۇھىم. بىز چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى قەتئىي ئېلىپ بېرىپ، تارىختىكى ”دەۋرلىك قانۇنى“دىن ھالقىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ھازىرقى ۋاقىتتا، «ماۋ زېدۇڭ ھەربىي ئەسەرلىرى»دىن پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ پارتىيىۋىلىكىنى ئۆستۈرۈشىمىز ئىنتايىن مۇھىم.

## (6) قانۇننى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى قاتتىق يولغا قويۇش لازىم

قانۇننى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى قاتتىق يولغا قويۇش — سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاچقۇچى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىۋاتقان شارائىتتا، مۇنداق ئىككى مەسىلىنى گەۋدىلىك ھالدا تۇتۇش تېخىمۇ زۆرۈر، بىرىنچىسى، قانۇننى ئىجرا قىلىش داۋامىدا قاتتىق بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك، ئىككىنچىسى، قانۇننى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى تۈرلۈك توسالغۇلارنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىساق، خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلىش، پارتىيىنى نازارەت قىلىشتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولمايدۇ.

قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى قەتئىي ئېلىپ بېرىش ۋە ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىش بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. بىز مۇشۇ ئۈچ جەھەتتە ھەر تەرەپلىمە، ئۇزاققىچە كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. كۈچلۈك جامائەت

پىكرى پەيدا قىلىپ، ئېخمۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنى چىرىكلىككە قارشى كۈرەشكە ۋە جىنايەتكە زەربە بېرىش كۈرىشىگە قاتنىششقا سەپەرۋەر قىلىش كېرەك. مەخسۇس ئورگانلارنىڭ جاپالىق كۈرەش قىلىشلا بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپ قاتنىششى بولمىسا، ئېغىر جىنايەتكە زەربە بېرىش ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى، قانۇن ئەستايىدىل، قاتتىق ئىجرا قىلىنمىسا، ئۇ ھالدا ئاممىنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىلىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى بولمايدۇ.

نۆۋەتتە، قانۇننى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش، جىنايەتكە قاتتىق زەربە بېرىش، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش جەھەتتە، نۇقتىلىق زەربە بېرىش ئوبيېكتى قىلىپ بەلگىلەنگەن جىنايەتلەردىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى بىرنەچچە مەسىلىنى چىڭ تۇتۇش لازىم.

## بىرىنچى، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش جىنايىتىنى ئۆتكۈزگەنلەرنى قاتتىق جازا-لاش كېرەك.

ئالدامچىلىق قىلىشقا دائىر ئەنزىلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ۋە بارغانسېرى چوڭايماقتا. بۇ تۈردىكى ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلغان ۋاقتىمىزدا، كۆپىنچە ئالدامچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەرگە ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىدار بولغان پارا بەرگۈچىلەرگىلا زەربە بېرىمىز، ئۇنداق ئېغىر ئالدامچىلىق قىلىش ئەنزىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاسانلا يۈز بەرگەنلىكىنى، بەزى ئورۇنلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئوڭايلا ئالدىنىپ قالغانلىقىنى بولسا قاتتىق سۈرۈشتە قىلمايمىز. پارا يەپ ”ئالدىنىپ“ قالغانلارنى ئەلۋەتتە قانۇن بويىچە جازالاش كېرەك؛ پارا يېمەي ”ئالدىنىپ“ قالغانلارنىمۇ ئوخشاشلا قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. خىزمەتتە ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالىمىغاندا جىنايەتچىلەرگە پۇرسەت بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىدۇ.

جىنايەتچى بىر ئورۇندىن نەچچە يۈز مىڭ يۈەن، مىليون يۈەن، ئون مىليون يۈەن، نەچچە ئون مىليون يۈەن پۇلنى بىراقلا خىيانەت قىلسا، ئوغرىلىسا، ياكى يۆتكەپ ئىشلەتسە، بەزى ئورۇنلار جىنايەتچى پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كەتمىگىچە ئۇقمىغان؛ بەزى ئورۇندا خىيانەتچى ئۇدا بىرنەچچە يىل ئەنزە سادىر قىلىپ، بىرنەچچە مىليون يۈەن پۇلنى خىيانەت قىلسىمۇ، ئالاقىدار رەھبەرلەر قىلچە سەزمىگەن. دۆلەت مۈلكى كۆپلەپ خىيانەت قىلىنسا، ئوغرىلاپ كېتىلسە، ئالدامچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە، يۆتكەپ كېتىلسە، شۇ ئورۇندىكى رەھبەرلەرنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى بولامدۇ؟ خىزمەتتە بۇنداق ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغۇچىلار قانۇن بويىچە جازالانماي، ئۇلارنىڭ ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ”ساۋاقنى قوبۇل قىلىمىز“، ”تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز“ دېگەندەك بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى قىلىپ قويۇشى بىلەنلا ئىش بولدى قىلىنىدىغان بولسا، دۆلەتنى ياخشى باشقۇرغىلى، چىرىكلىكنى تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى، جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىكى پىلانلىغۇچى ۋە باش جىنايەتچىنى قاتتىق جازالاش كېرەك.

ساختا، ناچار نەرسىلەر ئەۋج ئېلىپ ئاپەتكە ئايلىنىپ، دۆلەتكە ۋە خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈردى، بۇنىڭغا نۇرغۇن يىل زەربە بېرىپ، مەلۇم ئۈنۈم هاسىل قىلغان بولساقمۇ، لېكىن ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى نەدە؟ مەسىلەن، ئاخبارات ۋاستىلىرى پاختا، ئاشلىققا جا ئارىلاشتۇرۇلغانلىقى، يالغان دورا، يالغان هاراق، يالغان تاماكا، يالغان خىمىيۋى ئوغۇت، يالغان دېهقانچىلىق دورىسى، يالغان ئۇرۇقلارنىڭ كۆپلەپ ئىشلەپ سېتىلغانلىقى، سىرىق، قانۇنسىز مەتبۇئات بويۇملىرىنىڭ كۆپلەپ بېسىلغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار توغرىسىدا ئۈزلۈكسىز خەۋەر بېرىپ تۇردى، قىلمىشى شۇنچە قەبىھ، خاراكتېرى شۇنچە ئېغىر ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى بىرنەچچە جىنايەتچىلا تۇتۇلسا، بىرنەچچە ئالاقىدار ئورۇنلا تەكشۈرۈلسە، مەسىلىنى تۈپ ئاساسىدىن هەل قىلغىلى بولمايدۇ. چوقۇم قاتلاممۇقاتلام تەكشۈرۈپ، يىلتىزىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنىڭ تېگىشلىك قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

ئۇچتە هەمراھ بولۇش، نومۇسنى سېتىش ۋە جالاپلىق قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئاشۇنداق قىلغان ئاياللارنى ۋە ئالاقىدار كىشىلەرنى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق پاش قىلىپ قويۇش تولىمۇ كۆپايە قىلمايدۇ. خەرىدارلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئۇچتە هەمراھ بولۇشنى يولغا قويغان تىجارەتچىلەرنى نېمىشكە تۇتمايمىز ياكى ئېنتايىن ئاز قىسمىنىلا تۇتىمىز. بۇ تىجارەتچىلەرنى باشقۇرۇشقا مەسئۇلىيىتى بار يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنى نېمە ئۈچۈن ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق پاش قىلمايمىز؟ ”ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرىمەن“ دەپ مۇشۇنداق پەسكەش ئۇسۇللارنى قوللانغان دىرېكتور، باشقارما باشلىقلىرىنى نېمە ئۈچۈن قانۇن بويىچە جازالىمايمىز؟ ئاياللارنى نومۇسنى سېتىشقا ئازدۇرغان، سورۇن بىلەن تەمىن ئەتكەن ۋە مەجبۇرلىغان ئادەتتىكى كىشىلەرنى قانۇن بويىچە جازالاشقا بولىدىكەن، ”مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىمەن“ دەپ مۇشۇنداق جىنايى قىلمىشلارغا يول قويغان چوڭ مېهمانخانىلارنىڭ دىرېكتورلىرىنى قانۇن بويىچە جازالاشقا نېمىشكە بولمايدىكەن؟ زور مەسئۇلىيىتى بار مەسئۇل رەهبىرىي ئورگانلار ۋە رەهبەرلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا، ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق پاش قىلىشقا نېمىشكە بولمايدىكەن؟ بۇلارنىڭ جاۋابكارلىقى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈلمىسە، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنمىسا، سېرىق نەرسىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاش تەسكە توختايدۇ.

هەممىگە مەلۇم بولغان مۇشۇنداق بىرنەچچە ئىشنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق شۇنى چۈشەندۈرمەكچىمەنكى، مەسىلىنى تۈپ ئاساسىدىن ئوڭشىماي، يۈزەكى ئىش كۆرۈلسە، مەسىلە تېخىمۇ ئۇلغىيىپ

ئېغىرلىشىدۇ. ئېلىمىزدە، بەزى ئورگانلار ۋە بەزى ئورۇنلارنىڭ ئوچۇق-ئاشكارە ھالدا جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى ياكى جەمئىيەتتىكى جىنايەتچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ، ئىچكى-تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ، بىللە ئەسكىلىك قىلىشى ئېغىر بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. بەزىلەر بولسا بۇنداق ئەھۋاللارنى قىلچە تەپ تارتماي قانات ئاستىغا ئالدى. چىرىكلىكنىڭ ۋە جىنايەتنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر دېگىنىمىزدە مانا مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقان، زەربە بېرىشىمىز كۈچلۈك بولمىدى دېگىنىمىزدىمۇ مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقان. ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىكى پىلانلىغۇچى ۋە باش جىنايەتچىلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلمىغاندا، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولمايدۇ، غالجىرلارچە جىنايەت سادىر قىلىش يۈزلىنىشىنىمۇ توسىغىلى بولمايدۇ.

**ئۈچىنچى، جازالاشنىڭ ئورنىغا جەرىمانە قويۇشنى دەسسىتىدىغان ئەھۋالنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك.**

بۇ بىر كونا مەسىلە بولۇپ قالدى. مەلۇم بىر ئۆلكىدە، 1992-يىلدىن 1994-يىلغىچە بولغان ئۈچ يىلدا، سوت مەھكىمىسى ئەتكەسچىلىك ئەنزىسى ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەتنامىدىن ئاران بىرنى تاپشۇرۇۋالغان، ھالبۇكى، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 1993-يىلىلا زور ئەتكەسچىلىك ئەنزىسىدىن 60 نەچچىسى ئېنىقلانغان. بۇ ئايرىم ئەھۋال ئەمەس، جىنايى قىلمىشى ئېغىر، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە جازالىشىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان ئەتكەسچىلەر، ھايانكەشلەر قاتارلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، بەزى مەسئۇل مەمۇرىي ئورگانلار كۆپىنچە جەرىمانە قويۇش بىلەن ئىشنى بولدى قىلغان. ئەمەلىيەت شۇنى قايتا-قايتا ئىسپاتلىدىكى، بۇنداق قىلغاندا جىنايەتچىلەرنىڭ خورىكى يوغىناپ كېتىشتىن باشقا نەتىجە چىقمايدۇ. جىنايەتچىلەر جەرىمانىدىن قورقمايدۇ، خۇددى كىشىلەرنىڭ دېگىنىدەك: ئۇلار "مىڭ يۈەنلەپ جەرىمانە تۆلەش بەدىلىگە تۈمەنلەپ پۇل تاپىدۇ"، "جەرىمانە قويسىمۇ، ئۆز يولىدا مېڭىۋېرىدۇ". قانۇن بويىچە ئەدلىيە ئورگانلىرىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنىڭ قانۇن بويىچە تاپشۇرۇلماسلىقىدىكى سەۋەب زادى نېمە؟

**تۆتىنچى، قانۇننىڭ ئورنىغا پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەمۇرىي ئىنتىزامنى دەسسىتىدىغان ئەھۋالنى تۈزىتىش كېرەك.**

يېقىنقى يىللاردا، خەلقنىڭ ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىدىغان ئەھۋاللار بەك كۆپىيىپ كەتتى. پىكاپ سېتىۋېلىش ئىشىنىلا ئالساق، بەزى جايلار بىر تەرەپتىن، ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ زور مىقداردا ئىش ھەققىنى ئۇزاق مۇددەتكىچە بېرەلمىگەن، يەنە بىر تەرەپتىن بولسا، نەچچە ئون مىليون يۈەنلەپ پۇلغا پىكاپ سېتىۋالغان. بەزى جايلار بەك نامرات، بەزى زاۋۇتلارنىڭ

قىيىنچىلىقى بەك ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پىكاپلىرى ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى ھەشەمەتلىك، بەزى جايلار پىكاپ سېتىۋېلىش ئۈچۈن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە نامراتلارنى يۆلەش پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىشتىن باش تارتمىغان. بەزى زاۋۇتلار ئىش ھەققىنىمۇ تارقىتالماس ھالغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، زاۋۇت رەھبەرلىرى ھەشەمەتلىك پىكاپلارنى سېتىۋالغان، سىرتلارغا چىقىپ سەيلە-ساياھەت قىلىپ يۈرگەن، كېچە-لىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا تاماشا قىلىشقا بېرىلىپ كەتكەن. خەلقنىڭ ھاياتىغا شۇنچە پەرۋاسىز قاراپ، مەركەزنىڭ ۋە گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىلىرىگە مۇشۇنداق ئىزچىل قارشى ئىش تۇتىدىغان قانداق ئادەملەر ئۇ؟ سەن بەلگىلىمىلىرىڭنى چىقىرىۋەر، مەن ئۆزەمنىڭ بىلگىنىنى قىلىۋېرىمەن دېگۈچىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن نەسلى قۇرۇمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق يامان كەيپىياتنى توختاتقىلى بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ؟ نۇرغۇن ئەنزىلەرنى جىنايەت دەپ قارىماي، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىش ياكى ھەشەمەتچىلىك قىلىش ئىستىلى مەسىلىسى دەپ قاراشقا بولامدۇ؟ ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ شەخس ئۈچۈن ئىشلەتكەنلەرنى قانۇن بويىچە جازالاش كېرەك؛ نۇرغۇن ئەھۋاللاردا بۇ پۇل نامدا ئىدارىگە، ئاممىۋى تەشكىلاتقا، كارخانىغا ۋە كەسپىي ئورۇنغا ئىشلىتىلگەن بىلەن، ماھىيەتتە شەخسلەر ئۈچۈن، ئاساسەن شۇ ئورۇننىڭ مەسئۇللىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. بۇنداق قىلغانلارنىمۇ ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتلەپ ئىشلىتىش جىنايىتىنى ئۆتكۈزگەنلەر قاتارىدا قانۇن بويىچە جازالاش كېرەك. ئېغىر ھالدا بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلغانلارنى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم. بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلغان پۇل مىقدارى بەلگىلىمىدىن ئېشىپ كەتكەنلەرنى خىيانەتچىلەر قاتارىدا جازالاش كېرەك. بۇ توغرۇلۇق قانۇن تۈزۈپ چىقىش كېرەك. قانۇننى ئىشقا سالمىغاندا، كىشىنى چۆچۈتىدى-غان بەتخەجلىك، ئىسراپچىلىقنى توسقىلى بولمايدۇ، چىرىكلىكنى تۈگەتكىلى، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلغىلى بولمايدۇ، جىنايەتچىلەرنىڭ نوخۇلىسىنى ئالغىلى بولمايدۇ.

قانۇننى ئىجرا قىلىشتا، قاتتىق بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى تەكىتلەشتىن مەقسەت ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق كەڭ ئاممىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋە جىنايەتچى-لەرگە زەربە بېرىشتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتىن ئىبارەت. كەڭ ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ئۇلار بۇ كۈرەشكە قاتناشسا، چوڭ ئەنزە ۋە مۇھىم ئەنزىلەرنى پاش قىلىش ئوڭايغا توختايدۇ.

نۆۋەتتە، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى گەۋدىلىك بىر مەسىلە شۇكى، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇندىكى بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئۆز ئالدىغا سوت قىلىش ۋە تەپتىش قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى ئۈزلۈكسىز تۈردە كاشىلىغا ۋە دەخلى-تەرۇزگە ئۇچراۋاتىدۇ.

سوت مەھكىمىلىرىنىڭ بىرمۇنچە باشلىقلىرى پەرىشان ھالدا، ھازىر سوت مەھكىمىلىرى قانۇننى ئىجرا قىلىش ئىمكانىيىتىدىن ناچار مۇھىتقا دۇچ كەلمەكتە، دېيىشتى. بەزى يولداشلار، ھازىر ئارىغا ئادەم قويۇش شامىلى "ئۆزىنى ...ۇغانچىلىق تېپى"، "دوست-بۇرادەرلىك تېپى"دىن "ھوقۇق تېپى"غا ئۆزگەردى، ئارىغا "پۇقرالارنى قوغداش"تىن "ئەمەلدارلارنى قويۇش"قا تەرەققىي قىلدى، دېيىشتى. بەزىلەر ئارىغا ئادەم قويۇپ ئاقتۇرالىسا، ھوقۇقىغا تايىنىپ بېسىم ئىشلىتىدىغان بولۇۋالدى. بەزى جايلاردا پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرى ئىنچىل تۇردە سوت مەھكىمىسىنى ھۆكۈمەتنىڭ قارىمىقىدىكى ئاپپارات دەپ قاراپ، سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىشىغا خالىغانچە ئارىلاشماقتا؛ بەزى جايلار سوت مەھكىمىسىنى ئۆزىنىڭ يەرلىك قوغۇقچىلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قورالى دەپ ھېسابلىماقتا، ھالبۇكى، بەزى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى بەزى مەسىلىلەردە ھەقىقەتەن يەرلىك قوغۇقچىلىقنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالدى.

سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتلاش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا يۈرگۈزۈشى كاشىلىغا ۋە دەخلى-تەرۇزگە ئۇچراشتەك ئەھۋالغا تەپتىش مەھكىمىسىمۇ دۇچ كەلمەكتە. ئاساسىي قانۇندا: "ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن ھالقىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن. بەزى كىشىلەر ۋە بەزى تەشكىلاتلار ھېچنېمىگە قارىماي ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتكىلى تۇردى، قانۇننىڭ ئورنىغا سۆزىنى دەسسىتىدىغان، ھوقۇق ئارقىلىق قانۇننى باسىدىغان فېئودال ئىمتىيازچىلىق ئىدىيىسى ۋە پۇلغا قانۇننى سېتىۋالىدىغان، پۇلنىڭ كۈچى بىلەن قانۇنغا كاشىلا سالىدىغان بۇرژۇئا ئىمتىيازچىلىق ئىدىيىسى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىش ئاكتىپلىقىغا ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىققا بولغان ئىشەنچىگە توغرىدىن توغرا بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك.

خەلق سوت مەھكىمىسى — دۆلەتنىڭ سوت ئورگىنى، سوت مەھكىمىسىدىن سىرت، ھەرقانداق ئورگان ياكى شەخسنىڭ، ئۇنىڭ نوپۇزىنىڭ قانچىلىك چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سوتلاش ھوقۇقى يوق؛ خەلق تەپتىش مەھكىمىسى — دۆلەتنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىش ئورگىنى، تەپتىش مەھكىمىسىدىن سىرت، ھەرقانداق ئورگان ياكى شەخسنىڭ، ئۇنىڭ نوپۇزىنىڭ قانچىلىك چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەپتىش قىلىش ھوقۇقى يوق، خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا، پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىدۇ، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئەنزىدە توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش، خاتالىق كۆرۈلسە تۈزىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. لېكىن، ھەرقانداق ھوقۇقنىڭ بېسىمى ياكى پۇلنىڭ

www.uyghurkitap.com

قىزىقتۇرۇشى بىلەن ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا سوت قىلىدۇ، ئۆز ئالدىغا تەپتىش قىلىدۇ، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، دۆلەت قانۇنىغا پىسەنت قىلماي، قانۇننى ئىجرا قىلىشقا كاشىلا سالىدىغان قىلمىشلارنى توسۇشقا ھوقۇقلۇق ھەم توسۇشى شەرت. قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا سوت قىلىش، ئۆز ئالدىغا تەپتىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوتچى ۋە تەپتىشلەر ئالدى بىلەن مۇشۇ ھوقۇقنى ئۆز ئالدىغا يۈرگۈزەلەيدىغان پەزىلەت ۋە ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. پارا يەپ قانۇننى بۇزىدىغان، شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ قانۇننى بۇزىدىغان، يۈز-خاتىر قىلىپ قانۇننى بۇزىدىغان، شۇنىڭدەك ھوقۇقنىڭ بېسىمى ۋە پۇلنىڭ قىزىقتۇرۇشى ئالدىدا ئەنزىنى قانۇن بويىچە بىجىرىشتىن تەۋرىنىدىغان قىلمىشلارنىڭ ھەرقانداقىنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

يېڭى ۋەزىيەت سىياسىي-قانۇن سېپىدىكىلەرگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپنى قويدى. بىزنىڭ سىياسىي-قانۇن قوشۇنىمىز كۆپ سىناقلاردىن ئۆتكەن بولۇپ، قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. جاپا-مۇشەققەت ۋە خېيىم-خەتەردىن قورقماي، خەلقنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، پاك-ئادىل بولۇش، قانۇننى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش، ئاما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش سىياسىي-قانۇن سېپىدىكىلەرنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىدۇر. نۇرغۇن يولداشلار قانۇننى قوغداش يولىدا جان پىدالىقنى كۆرسەتتى، ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلدى، بۇ سەپتە مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان قەھرىمان-نەمۇنىچىلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ ئىشلارنى خەلق كۆردى، بۇنىڭدىن خەلق رازى. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، پۇل بىلەن بۇلغانغان قارا قوللار سوتچى، تەپتىش ۋە ساقچىلارغا سوزۇلۇپ، قانۇننى ”تاۋارلاشتۇرۇش“، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنى ”بازارلاشتۇرۇش“قا راسا كۈچەمەكتە. بۇ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ئۈچۈن ئەڭ قاتتىق تەھدىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىياسىي-قانۇن تارماقلىرىدىكى چىرىكلىشىش ۋە پارا يەپ قانۇننى بۇزۇش قىلمىشلىرىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش نۆۋەتتە سىياسىي-قانۇن سېپىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ۋە جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالدى.

## (7) پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش — بارلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى

تارىختىكى گۈللىنىش بىلەن ھالاك بولۇش ئالمىشىپ تۇرىدىغان ”دەۋرىيلىك“تىن ھالقىپ ئۆتۈش ئۈچۈن، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. پارتىيىمىزنى ئوبدان تەرتىپكە سېلىش ۋە

ئوبدان قۇرۇش بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

جۇڭگو كومپارتىيىسى — شەرەپلىك، ئۇلۇغ، توغرا پارتىيە. ئۆتمۈشتە شۇنداق ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق. پارتىيىمىزنىڭ شەرەپلىك، ئۇلۇغ، توغرا پارتىيە بولالىشىدىكى سەۋەب شۇكى، خەلق مەنپەئىتىدىن باشقا، پارتىيىمىزنىڭ ئۆز مەنپەئىتى يوق. پارتىيىمىز بارلىقىنى قۇربان قىلىشتىن باش تارتماي، ئىزچىل تۈردە ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ ئەڭ زور مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلدى. پارتىيىمىز خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەريانىدا، ئۆزىدە ساقلانغان كەمچىلىك، خاتالىقلارنى دائىم تەكشۈرۈپ تۈزىتىپ تۇردى. جۇڭگو كومپارتىيىسى ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتىن، ئۆز-ئۆزىنى ئاشكارە تەنقىد قىلىشتىن ھېچقاچان قورققان ئەمەس. دەل شۇنداق بولغاچقا، پارتىيىمىز كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسىنى ساقلاپ قالدى. بىرنەچچە قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن قۇتقۇزۇپ قېلىنىپ، سان-ساناقسىز قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەرلەرنى يېڭىپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ، شۇنىڭدەك ”بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا“دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى ئىجرا قىلىشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئالدىغا چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى قويۇپ، پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان ئېغىر چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى ۋە چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلارنى ئاشكارە پاش قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى قايتا-قايتا ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھال جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شەرەپلىك، ئۇلۇغ، توغرا پارتىيە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

دۆلىتىمىزنى، پارتىيىمىزنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە نىيەت باغلىغان دۈشمەن ئۇنسۇرلارمۇ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش شوئارىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ”بەزى كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ شوئار ئۇلارنىڭ بىر نىقابى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى — چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش.“ (650-بەت) پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بۇنىڭدىن ھوشيار بولۇپ، دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستىدىن پەخەس بولۇشى لازىم. لېكىن چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوقۇم چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش كېرەك. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا ”پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرىدىغان“ ئىرادە قايتا تەكىتلەندى. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى، شۇنداقلا دۈشمەن

www.uyghurkitap.com

كۆچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتۋېتىش ستراتېگىيىسىنى بىتچىت قىلىشتىكى مۇھىم بىر ۋەزىپە بولۇپ قالدى. چىرىكلىككە قارشى كۈرەش راۋاجلانماقتا، لېكىن ئۇ تېخى پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئەبەدىل ئامان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالىغۇدەك دەرىجىدە ئېلىپ بېرىلغىنى يوق.

پۈتۈن پارتىيىگە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە جىددىيلىكىگە بولغان تونۇشنى ئۈستۈرۈش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنى چىرىكلىككە قارشى كۈرەشكە تېخىمۇ قەتئىي، تېخىمۇ پائال ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىش لازىم. چىرىكلىككە قارشى كۈرەش داۋامىدىكى خىلمۇخىل ناتوغرا پوزىتسىيىلەرنى تۈزىتىش كېرەك. چىرىكلىككە قارشى كۈرەشكە ئەستايىدىل مۇئامىلە تۇتماي ياكى ئەستايىدىل مۇئامىلە تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالماي، پاسسىپ مۇئامىلە تۇتۇش، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە ۋە ئاممىغا تايىنىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئىشنى تاقىۋېلىش، چوڭقۇرلاپ سۈرۈشتۈرمەي، يۈزەكى بىر تەرەپ قىلىپ قويۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بويىچە ئىش كۆرگەندە، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، تېخىمۇ يامىنى شۇكى، مۇھىم ۋەزىپىدە تۇرۇۋاتقان بەزى كىشىلەرنىڭ ئىپادىسى پوزىتسىيە بىلدۈرۈشتە بىر خىل، ئەمەلىيەتتە باشقا بىر خىل، ئادەم بار يەردە بىر خىل، ئادەم يوق يەردە باشقا بىر خىل، ئاغزىدا بىر خىل، دىلىدا باشقا بىر خىل، كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىدۇ، بۇ ئەمەلدارلاردا كۆرۈلىدىغان بيۇروكراتلىق ئىستىلى چىرىكلىكنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ قاتتىق توسالغۇسىدۇر، شۇڭا بۇنداق كىشىلەرگە قەتئىي چارە كۆرۈش، بۇنداق ئىستىللارنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۆتكۈر ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: „پارتىيىمىزنى تۈتۈشقا توغرا كېلىپ قالدى، تۈتمىساق بولمايدىغان بولۇپ قالدى.“ (651-بەت) بىز چىرىكلىككە قارشى كۈرەش ئارقىلىق، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پارتىيىنى ئوبدان تەرتىپكە سېلىشىمىز كېرەك. چىرىكلىككە قارشى كۈرەشتە، ئاممىغا تايىنىش، رەھبەرلىكى بولغان ۋە قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش، يۈز-خاتىر قىلماي، كەسكىن تۈردە ئەستايىدىللىق بىلەن تەنقىدنى قانات يايدۇرۇپ، خاتالىقلارنى پاش قىلىپ، جاۋابكار كىشىنى تېپىپ چىقىش، ھەق-ناھەقنى ۋە مەسىلىنىڭ ئېغىر-يېنىكىنى ئايرىپ، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى پەرقلەندۈرۈش ئاساسىدا مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. جىنايەتكە چېتىلىدىغان مەسىلىلەر پاش قىلىنسا، سىياسىي-قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇش، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەمۇرىي ئىنتىزامنى قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسەتمەسلىك كېرەك. مۇھىم مەسىلىنى دەرىجىمۇ دەرىجە چوڭقۇر تەكشۈرۈش، قانداق كىشىگە چېتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، تەكشۈرۈپ باش-ئايىغىنى چىقىرىش لازىم. زور غەيرەتكە كېلىپ، پارتىيىمىزنىڭ ئورگانىزمىغا كىرگەن ۋىرۇسنى تۈگىتىش، پارتىيىمىزنىڭ ئورگانىزمىدىكى يامان

سوۋېتلىك ئۈسمىنى كېسىپ تاشلاش كېرەك. نۆۋەتتە، بىزنىڭ ئالدىمىزدا تەرەققىيات پۇرستى تۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياستىنى يولغا قويغۇچىلار بىزنىڭ تەرەققىياتىمىزنى جان-جەھلى بىلەن بوغماقتا، جۇڭگونى غەربچىلەشتۈرۈشكە ۋە پارچىلاشقا جان-جەھلى بىلەن كۈچىمەكتە. دېمەك، ۋەزىيەت كەسكىن، ۋاقىت قىس، پۈتۈن پارتىيە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشى، ئىشلىرىمىزنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. بىز جەزمەن ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشالايمىز.

(1994-يىل 5-ئايدىن 1995-يىل 5-ئايغىچە يېزىلدى)

**تەرجىمە قىلغۇچى: ياقۇپ**
**رىسالەت ئابلا**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كۆك فەنسىندىن چوڭقۇر ۋە ئۇزاققىچە ئۆگىنەيلى

جاڭ چۈەنجىڭ

يېقىنقى بىرقانچە ئايدىن بۇيان، كۆك فەنسېن دېگەن ياڭراق ئىسىم جۇڭگو زېمىنىغا تارىلىپ، يۈز مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى ۋە روھىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنى يېڭى دەۋردىكى لېي فېڭ، 90-يىللاردىكى جياۋ يۈيلۇ، كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى دەپ تەرىپلەشتى. 4-ئاينىڭ 29-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ بارلىق دائىمىي ئەزالىرى يولداش كۆك فەنسېننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى ۋە كۆك فەنسېننىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىنى سەمىمىي قوبۇل قىلدى. يولداش جياڭ زېمىن سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: يولداش كۆك فەنسېن پۈتكۈل پارتىيىمىزنىڭ ئۈلگىسى. بىز ئەينى يىللىرى جياۋ يۈيلۇ، لېي فېڭدىن ئۆگەنگەندەك، كۆك فەنسېننىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇشىمىز كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن ۋە لى پېڭ يەنە ئايرىم-ئايرىم ھالدا: ”يولداش كۆك فەنسېندىن ئۆگىنەيلى“، ”يولداش كۆك فەنسېننىڭ خەلقنى قىزغىن سۆيۈش، خالىس تۆھپە قوشۇش روھىدىن ئۆگىنەيلى“ دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، يولداش كۆك فەنسېندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرماقتا. رەھبەرلىك ئورگانلىرىدىن ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىغىچە، چېگرا رايونلاردىن ئىچكى رايونلارغىچە، ھەرقايسى ساھە-كەسىپ، ھەرقايسى سەپلەردىكى ئۆگىنىش پائالىيىتى جۇش ئۇرۇپ ئۆركەشلەۋاتقان باھار دولقۇنىدەك پۈتكۈل مەملىكەت بويىچە ئەۋج ئالماقتا.

## كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان ئالىيجاناب ئوبراز

يولداش كۆك فەنسېن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن، ھازىرقى زاماندىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ

ئىسىل پەزىلىتىنى نامايان قىلدى، يىگى دەۋردىكى پارتىيە رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ئالىيجاناب ئوبرازىنى ياراتتى، ساپ قېنى ۋە ھاياتى بىلەن دەۋر روھىغا ئىگە كۈرەش ناخشىسىنى، ئىگىلىك تىكلەش ناخشىسىنى، تۆھپە ناخشىسىنى يېزىپ چىقتى. كۆڭ فەنسېن كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار ئۆچۈن ئۈلگە تىكلىدى، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئابىدە تۇرغۇزدى. ئۇنىڭ خالىس تۆھپە قوشۇش روھى، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىش-ئىزلىرى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈردى، كۆپچىلىك مۇنداق ياخشى پارتىيە ئەزاسىنىڭ، ياخشى كادىرنىڭ بولغانلىقىدىن شەرەپ ھېس قىلماي ھەم پەخىرلەنمەي تۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ بەختكە قارشى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغانلىقىغا چوڭقۇر ئېچىنماي تۇرالمايدۇ. كىشىلەر چىن دىلىدىن ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، ئۇنى ماختايدۇ. كۆڭ فەنسېن ئالىيجاناب، ئەخلاقلىق، خەلققە پايدىلىق ئادەم؛ كۆڭ فەنسېننىڭ قەلبىدە ھەر ۋاقىت خەلق بار، پەقەت ئۆزىلا يوق؛ كۆڭ فەنسېن روھى كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ تازىلىنىشىنى، دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. نۇرغۇن ئورگان كادىرلىرى، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم يولداشلار، ئىشچىلار، دېھقانلار، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى، ئوقۇغۇچىلار، كارخانا ساھەسىدىكى زاتلار كۆڭ فەنسېنگە بولغان ئىززەت-ھۆرمىتىنى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن ئىزھار قىلدى: بەزىلەر سېخىيلىق بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ۋە ئۇ بېقىۋالغان يېتىم باللارغا ياردەم قىلدى، ئالىنىڭ ماتارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ۋە ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم قىلدى، بەزى سەھىيە ئورۇنلىرى ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ھەقسىز داۋالاپ قويدى. ئۇنى مەدھىيىلىگەن خەت-چەك، ماقالە، شېئىر-قوشاق، ناخشا، دراملار باھاردىن كېيىن ئۆسكەن بامبۇك نوتىلىرىدەك كۆپ بولدى. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار تۈرلۈك شەكىلدىكى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆزلىرىنى كۆڭ فەنسېن بىلەن سېلىشتۇرۇپ، قەھرىمان-نەمۇنىچىلەردىن ئۆگەندى، ئۆزلىرىدىكى پەرقلەرنى ئويلاپ تېپىپ، يېتەرسىزلىكنى تولۇقلىدى؛ ئاڭلىق تۈردە ئىستىلىنى ياخشىلاپ، ئاما بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ، ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، قەھرىمان-نەمۇنىچىلەرگە بولغان سېغىنىشى، ئىززەت-ھۆرمىتى، مۇھەببىتىنى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشقا ئاتلىنىدىغان كونكرېت ھەرىكەتكە ئايلاندۇردى. كىشىلەر كۆڭ فەنسېندىن ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقنى، خالىس تۆھپە قوشىدىغانلىقنى، ئۇنىڭغا ئوخشاش جاسارەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ، تىرىشىپ ئىلگىرىلەيدىغانلىقنى، ئۇنىڭغا ئوخشاش خىزمەت قىلىدىغانلىقنى ۋە ياشايدىغانلىقنى ئارقا-ئارقىدىن بىلدۈرۈشتى. بۇ قېتىمقىدەك كۆلىمى زور، ئىنكاسى كۈچلۈك، تەسىرى چوڭقۇر ۋە كەڭ بولغان، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ قىزغىنلىقى يۇقىرى بولغان تەشۋىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش پائالىيىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بولۇپ باقمىغانىدى.

ئۇيغۇرچە كىتاب تورىستانى www.uyghurkitap.com

كۆڭ فەنسېن نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ؟، نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ؟ ماركسنىڭ مۇنداق بىر جۈملە ھېكمەتلىك سۆزى بار: ”تارىخ ئورتاق نىشاننى كۆزلەپ ئەمگەك قىلىش يولىدا ئالىيجاناب روھنى نامايان قىلغان كىشىنى ئۇلۇغ شەخس دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ؛ تەجرىبە كۆپ سانلىق كىشىلەرگە بەخت ئېلىپ كەلگەن كىشىنى ئەڭ بەختلىك كىشى دەپ تەرىپلەيدۇ“. كۆڭ فەنسېن دەل مۇشۇنداق ئىزچىل، شەخسىيەتسىز ھالدا ”ئورتاق نىشاننى كۆزلەپ ئەمگەك قىلغان“، ”كۆپ سانلىق كىشىلەرگە بەخت ئېلىپ كەلگەن كىشى“، ئۇ پارتىيىگە مەنسۇپ، خەلققە مەنسۇپ. بىر ئالىيجاناب كىشى ئارىمىزدىن كەتكەن بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر ئالىيجانابلىشىدۇ؛ بىر كۆڭ فەنسېن خىزمەت يولىدا قۇربان بولغان بولسا، مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان كۆڭ فەنسېن بارلىققا كېلىدۇ!

## دەۋر ياراتقان شانلىق نەمۇنە

ھەرقانداق بىر قەھرىماننىڭ بارلىققا كېلىشى ئاشۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلىدۇر، كۆڭ فەنسېننىڭ مەيدانغا كېلىشى تەسادىپىي ئەمەس. ئۇ پارتىيىنىڭ تەربىيىلىشى ئاستىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئۆزگىرىش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن مۇنەۋۋەر كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبەرىي كادىرلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى. كۆڭ فەنسېن روھى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ نەمۇنىلىك ئىش-ئىزلىرىدىن بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئۇ كوممۇنىست پارتىيە ئەزاسىنىڭ خەلق ئۈچۈن تولۇق ۋە ئۈزۈل-كېسىل خىزمەت قىلىدىغان روھنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، كوممۇنىستىك غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈمۈرۋايەت كۈرەش قىلىدىغان روھنى، پاك-تەلەپچان بولۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، كوممۇنىست پارتىيە ئەزاسىغا خاس خىسلەتنى ساقلايدىغان روھنى، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چىنىقىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان روھنى تولۇق نامايان قىلدى. كۆڭ فەنسېن روھىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى بىلەن يېڭى دەۋر، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىنىڭ ئېھتىياجىنى ئەڭ زىچ، ئەڭ ماس، ئەڭ مۇكەممەل ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، سەممىي-ساپ، ئۇلۇغ-ئالىيجاناب، شانلىق ئوبرازنى شەكىللەندۈردى. بىز ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىن مۇشۇنداق دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، دەۋرنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

كۆڭ فەنسېن ئىنقىلابىي نەزەرىيە بىلەن قوراللانغان ئاۋانگارت جەڭچى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ”ئىنقىلابىي نەزەرىيە بولمايدىكەن، ئىنقىلابىي ھەرىكەت بولمايدۇ.“ ”پەقەت ئىلغار نەزەرىيىنى قىبلىنامە قىلغان پارتىيىلا ئىلغار جەڭچىنىڭ رولىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ“. تارىخىي تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدى-

-كى، كومپارتىيە ئەزاسى بولغان ئادەم، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىر بولغان ئادەم ئۆزىنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇرغۇپ تۇرغان ئىنقىلابىي كۈرەش ئىرادىسىنى ساقلىيالايدۇ، ئاندىن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىسى بولالايدۇ، ئاندىن سەگەك، مۇستەھكەم ئىرادىلىك، نەتىجىلىك رەھبەر بولالايدۇ. كۆڭ فەنسېن شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئاددىي ياشتىن كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ، بىر ئاددىي كادىردىن مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىر بولۇپ يېتىشىپ چىققانكى، ئۇ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ تەربىيىلىشى ئاستىدا، ماركسىزمنىڭ ئىلمىي نەزەرىيىسى بىلەن كاللىسىنى قوراللاندۇرۇپ، توغرا بولغان دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەشتە چىڭ تۇرغان. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدىلا يولداش لېي فېڭنى ئۈلگە قىلىپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، مۇستەھكەم ئېشەنچ تۇرغۇزۇپ، ئۇلۇغ غايە تىكلەپ، كىشىلىك ھاياتىنىڭ نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغان. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىل ئەمەلىيەت-تىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنى ئاڭلىق ھالدا چېنىقتۇرۇپ، ئىنقىلابىي نەزەرىيىنى جېنى، ھەرىكىتىنىڭ ئاساسى قىلىش ئارقىلىق باشتىن-ئاخىر پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەيدانىدا تۇرغان، باشتىن-ئاخىر توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ساقلىغان، باشتىن-ئاخىر پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىش روھىنى نامايان قىلغان.

كۆڭ فەنسېن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئاڭلىق تۈردە ئىزچىل ئىجرا قىلغان مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىر. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ھەرىكىتىمىزنىڭ قىبلىنامىسى. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەن-مەي چىڭ تۇرغاندىلا، غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ؛ رەھبىرىي كادىر بولغان ئادەممۇ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىش ئەمەلىيىتى جەريانىدىلا چېنىقىپ ۋە سىناقتا بەرداشلىق بېرىپ، ساغلام-تې-مەن ھالدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. كۆڭ فەنسېن بېسىپ ئۆتكەن يوللار بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئۇ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى-نى ئىزچىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نامرات-قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا پائال يېتەكلەپ ماڭدى. ئۇ گاڭبا، لاسا، ئاللاردا يېڭىچە روھىي قىياپەت، يېڭىچە تەپەككۇر شەكلى، يېڭىچە خىزمەت ئۇيى، يېڭىچە ھەرىكەت قىياپىتى بىلەن خىزمەتتە ئىزچىل يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى؛ ئۇنىڭ قازا قىلىشتىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى قالدۇرغىنى يەنىلا ئالى ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

12 تۈرلۈك تەكلىپ بولدى. ئۇ ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىشقا يېتەكلەشنى بۇرچۇم دەپ بىلدى
ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن تاپكى ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، قاتتىق باش قاتۇردى.
ئۇ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئەمەلىيەت جەريانىدا، شانلىق نەتىجىلەرنى
يارىتىش بىلەن بىللە ئۆزىنىمۇ چېنىقتۇرۇپ ھەم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، رەھبىرىي كادىر بولغان بىر
ئادەمنىڭ دەۋرگە خاس يېڭى قىياپىتىنى تولۇق نامايان قىلدى.

كۆڭ فەنسېن جان-دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ساداقەتمەن خەلق چاكىرى. ھەممە
ئىشتا خەلقنى كۆزلەش، تىرىشىپ خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش كوممۇنىستلارنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنىڭ
چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتىدۇر. كۆڭ فەنسېن خەلق ئۈچۈن تولۇق، ئۇزۇل-كېسىل خىزمەت
قىلىشنى ئۆزىنىڭ ھەرىكەت مىزانى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەممە ھەرىكىتى ۋە پۈتكۈل ھاياتى ئارقىلىق پارتىيىنىڭ
جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ خەلق
ئۈچۈن ياشاپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلدى. "كومپارتىيە ئەزاسى
بولغان بىر ئادەمنىڭ سۆيۈش ھېسسىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى خەلقنى سۆيۈشتۇر" دېگەن بۇ مېغىزلىق
سۆز ئۇنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ھەقىقىي چۈشەنگەنلىكىنى ھەم ئۇنى باشتىن-ئاخىر بىردەك
يولغا قويغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ چەك-چېگرىسى، رايون چەكلى-
مىسى، مىللەت ئايرىمىسى بولمايدۇ. ئۇ ئىككى قېتىم يۇرتىدىن ئايرىلىپ شىزاڭغا بېرىپ خىزمەت قىلدى،
ئۇ ئالىنىڭ تەرەققىيات سىخمىسىنى ئۆز قولى بىلەن سىزىپ چىقتى، ئۇ زاڭزۇ موماي-بوۋايلارغا پەرزەنتىدەك
كۆيۈندى، زاڭزۇ باللارغا ئاتا-ئانىدەك كۆيۈندى، بۇ جانلىق كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق كوممۇنىستلارنىڭ
خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تەسىرلىك سەھىپىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدىغان مەدھىيە
ناخشىسىنى يېزىپ چىقتى.

كۆڭ فەنسېن پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىشنىڭ،
پاك-دىيانەتلىك بولۇشنىڭ ئۈلگىسى. پارتىيىمىز ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۆرەش ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيە-
تى جەريانىدا، نۇرغۇن ئېسىل ئەنئەنىلەرنى شەكىللەندۈردى. يولداش كۆڭ فەنسېن پارتىيىنىڭ ئېسىل
ئەنئەنىلىرىنىڭ تاۋلىشى ۋە چېنىقتۇرۇشى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلدى ھەمدە يېڭى تارىخىي شارائىتتا بۇ ئېسىل
ئەنئەنىلەرنى باشتىن-ئاخىر ساقلىدى ۋە جارى قىلدۇردى. بۇ ناھايىتى قىممەتلىك، تولىمۇ قەدىرلەشكە
تېگىشلىك پەزىلەتتۇر. ئۇ جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ، ئاددىي-ساددا ياشايدۇ، تۇرمۇشتا ئىقتىسادچان بولىدۇ،
ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، ئەمما باشقىلارغا ياردەم بېرىشتىن باش تارتمايدۇ. ئۇنىڭ يېتىم بولۇپ قالغان
زاڭزۇ قېرىنداشلارغا دورا بېرىشى، قىيىنچىلىقى بار زاڭزۇ قېرىنداشلارغا مەردلىك بىلەن ياردەم قىلىشى،

ئاما ئارىسىغا بىرىپ ھال-ئەھۋال سوراپ، ئاممىنىڭ دەردىگە چىن دىلىدىن دەرمان بولۇشى ئەينى يىللاردىكى 8-ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ، لېي فېڭ، جىياۋ يۈيلۇلارنىڭ ئىستىلىغا نەقەدەر ئوخشايدۇ-ھە! ئۇنىڭ يېتىم قالغان زاڭزۇ باللارنى بېقىۋېلىشى ئەينى يىللاردا تايانچ بازىلاردىكى ئاممىنىڭ ئىنقىلابچىلارنىڭ ئەۋلادىنى ھاياتىنىڭ خېيىم-خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي بېقىۋالغانلىقىغا نەقەدەر ئوخشايدۇ! ئۇنىڭ زاڭزۇ موماينىڭ توڭلاپ ئۈششۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى قويىنىغا تىقىپ ئىسسىتىشلىرى ئەينى يىللاردا ”قىزىل ھەدە“نىڭ ياردارنى سۈتى بىلەن داۋالىغانلىقىغا نەقەدەر ئوخشايدۇ! ئۇنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامغا بويسۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشنى پارتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تاپشۇرۇشى، خۇسۇسىي نام-مەنپەئەت، پايدا-زىيان بىلەن ئەزەلدىن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماسلىقى پېشقەدەم ئىنقىلابىي جەڭچىلەرنىڭ ”قەيەر ئېھتىياجلىق بولىدىكەن شۇ يەرگە بارىمىز، قەيەر جاپالىق بولىدىكەن شۇ يەرگە ماكانلىشىمىز“ دېگەن شوئارىنىڭ قايتا نامايان بولۇشى ئەمەسمۇ؟ ئۇ پاك-تەلەپچان بولۇپ، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلىدى، گېلىنى ساق، قولىنى پاك تۇتۇپ، ئۆزىگە توپا قوندۇرمىدى، ئۇ قىيىنچىلىققا پىسەنت قىلماي، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش دەۋرىدىكى داۋاملاشتۇرۇلۇشى ۋە جارى قىلدۇرۇلۇشىدۇر.

كۇڭ فەنسېن پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، سۆز-ھەرىكەتتە بىردەك بولۇش، ئىنتىزامغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش جەھەتتىكى نەمۇنىلىك پارتىيە ئەزاسى. پارتىيىمىزنىڭ ئاما ئارىسىدا يۈكسەك ئابرويغا ئىگە بولۇشىدىكى، كۈچلۈك ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى، جەلپ قىلىش كۈچى، جەڭگىۋارلىق كۈچى بىلەن پۈتكۈل مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، پارتىيىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىدىغان، خالىس تۆھپە قوشىدىغان مىڭلىغان-مىليونلىغان كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ بولغانلىقىدا. كۇڭ فەنسېننىڭ ھەممىدىن بەك ئېسىل پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ پارتىيىۋىلىكىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، سۆز-ھەرىكىتىنىڭ بىردەكلىكى، ئېتىقادلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئورۇندىيالايدىغانلىقىدۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”مەن پارتىيىنىڭ كادىرى، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنىمەن.“ ئۇ مۇشۇنداق دەپلا قالماي، بەلكى ھەقىقىي تۇردە، چىن دىلىدىن شۇنداق قىلدى. ئىككى قېتىم شىزاڭغا بېرىپ خىزمەت قىلىشتا شۇنداق قىلدى، ئىككىنچى قېتىم شىزاڭغا بېرىپ خىزمەت ۋاقتى توشۇپ شەندۇڭغا يۆتكىلىپ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقىتتا، يەنە بىر قېتىم تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ، تېخىمۇ جاپالىق بولغان ئالى رايونىغا باردى. تاكى ئۇ خىزمەت يولىدا قۇربان بولۇشتىن يەتتە كۈن ئىلگىرى سالغان ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە خېتىدىمۇ ”مەن پارتىيىنىڭ كادىرى، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا

www.uyghurkitap.com

بويسۇنىمەن“ دېگەن نىيىتىنى يەنە بىر قېتىم ئىزھار قىلدى. ئۇ دائىم: ”ھەر بىر پارتىيىلىك كادىر ئاما بىلەن ھالاۋەتتىمۇ، جاپادىمۇ بىللە بولۇشى، ئېغىر كۈنلەرنى تەڭ كۆرۈشى كېرەك“ دەيتتى. ئالى كەم كۆرۈلىدىغان بوران-چاپقۇنلۇق قار ئاپىتىگە ئۇچرىغاندا، ئۇ نۆلدىن تۆۋەن 20 نەچچە سېلسىيە گرادۇس قەھرىتان سوغۇقتا قارىماي، ئاممىنى يوقلاپ، ئاپەت توغرۇلۇق ئەھۋال ئىگىلىدى، ئۇ قار-شىۋىرغاندا قالغان زاگزۇ مومايىنىڭ كىيىمىنىڭ يىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن پوپايكا ۋە يۇڭ ئىشتىنىنى سېلىپ، مومايغا تەقدىم قىلدى. يولداش كۇڭ فەنسېن بۇ خىل روھى پارتىيىمىزنىڭ سۆز-ھەرىكەتتە بىردەك بولۇشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئۇسلۇبىنى، كومپارتىيە ئەزاسى ۋە رەھبىرىي كادىرلاردا بولۇشقا تېگىشلىك كۈچلۈك پارتىيىۋىلىكنى روشەن ھالدا نامايان قىلدى.

## كىشىنى يۇقىرى ئۆرلەشكە يېتەكلەيدىغان غايىۋى بايراق

كۇڭ فەنسېن زامانىمىزدىكى كوممۇنىستلارنىڭ ۋە يېڭى دەۋردىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ روھىي قىياپىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى. ئۇ پارتىيىگە چەكسىز سادىق، خەلقنى چەكسىز سۆيىدۇ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى پارتىيىگە، خەلققە تەقدىم قىلغان. ئۇ قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەي، باشقىلارنىڭلا مەنپەئىتىنى كۆزلىدى، تۆھپە قوشۇشنىلا بىلىپ، ئېلىشنى بىلمىدى، يېلىنجاپ چاقنىغان ”ئاقار يۇلتۇز“، ”يول تۈۋرۈكى“ بولۇشنى خالىدى. كۇڭ فەنسېن نامايان قىلغان بۇ خىل روھ كوممۇنىستىك روھتۇر. بۇ روھ ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ، پارتىيە كادىرىنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ.

يولداش كۇڭ فەنسېندىن ئۆگىنىشتە، ئۇنىڭ ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇپ، خالىس تۆھپە قوشىدىغان كۈچلۈك پارتىيىۋىلىكىنى ئۆگىنىش كېرەك. پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، شەخسىي مەنپەئەتنى شەرتسىز ھالدا پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە بويسۇندۇرۇش كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ پارتىيىۋىلىكىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشىدۇر. ھالبۇكى، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، بەزى پارتىيە ئەزالىرى ھەتتا پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار شەخسىي مەنپەئىتىنى پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ”قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەي، باشقىلارنىڭلا مەنپەئىتىنى كۆزلەش“تىن ئىبارەت تۆھپە قوشۇش روھىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشتى، يېڭى تارىخىي شارائىتتا، پارتىيىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن شەخسىي مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى زادى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلىگە كۇڭ فەنسېن شانلىق ھاياتى ئارقىلىق ئوچۇق ھەم ياڭراق جاۋاب قايتۇردى. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭمۇ ئەلۋەتتە شەخسىي مەنپەئىتى بار، بىراق، كوممۇنىستلار شۇنىڭ ئۈچۈن كوممۇنىست بولىدۇكى،

شەخسىي مەنپەئەتى، ئائىلىسىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى، پارتىيىنىڭ مەنپەئەتى توقۇنۇشۇپ قالغان ۋاقىتتا، ئۇلار قىلچە ئىككىلەنمەستىن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئەتىنى، ئائىلە مەنپەئەتىنى قۇربان قىلالايدۇ. خەلق ئاممىسى كۆك فەنسىننىڭ قەلبى ئالتۇندەك پاك دېيىشىدۇ. كوممۇنىستلارنىڭ قىممەتلىك يېرى دەل مۇشۇنىڭدا، شۇڭلاشقا، ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىر يولداش كۆك فەنسىننى ئۈلگە قىلىپ، مەيلى قانداق ۋاقىت، قانداق ئەھۋالدا بولسۇن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، شەخسىي مەنپەئەتىنى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇپ، كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن شەرەپلىك نامغا ھەقىقىي مۇناسىپ ئىش قىلىشى كېرەك.

يولداش كۆك فەنسىندىن ئۆگىنىشتە، ئۇنىڭ خەلقنى قىزغىن سۆيۈپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش روھىنى ئۆگىنىش كېرەك. تارىخ — خەلق ئاممىسىنىڭ پائالىيىتىدۇر. خەلق، پەقەت خەلقلا دۇنيا تارىخىنى يارىتىدىغان ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر. بىز ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا، خەلقنىڭ ماقۇل كۆرىدىغان-كۆرمەيدىغانلىقىنى، قوللايدىغان-قوللىمايدىغانلىقىنى، رازى بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى ئۆلچەم قىلىشىمىز كېرەك. كۆك فەنسىن مۇشۇنداق قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشتىن-ئاخىر بىردەك، تولۇق ۋە ئۇزۇل-كېسىل شۇنداق قىلدى. خەلقنى قىزغىن سۆيۈش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كۆك فەنسىن روھىنىڭ مەركەزلىك گەۋدىلىنىشى، شۇنداقلا كۆك فەنسىن روھىنى چۈشىنىشتىكى ئاچقۇچ. بەزىلەر، ھازىر دەۋر ئوخشىمايدۇ، پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتىنىڭ ”ۋاقتى ئۆتتى“، ”بازار ئىگىلىكىگە خاس مەنپەئەت مېخانىزمى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى“ دەپ ھېسابلاشماقتا. بۇ بىر خىل خاتا قاراش. پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتىنىڭ مەڭگۈ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەنمۇ ماسلاشقان بولىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ كۆك فەنسىننى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلىشىلا بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ! بىزنىڭ پارتىيە ئەزالىرىمىز، كادىرلىرىمىز بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز جەزمەن مۇستەھكەم ئاممىۋى كۆزقاراش تۇرغۇزۇشى، ئاممىنى كۆزلەش ئېڭىنى كۈچەيتىشى، ”خەلقنى سۆيۈش“، ”خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش“نى كىشىلىك ھاياتىدىكى ئەڭ ئالىي ئىستەك قىلىشى ھەمدە ئۇنى ئۆز جېنى-روھىغا ئايلاندۇرۇشى، گۆش-قېنىغا سىڭدۇرۇشى، كونكرېت ھەرىكەتتە كۆرسىتىشى كېرەك.

يولداش كۆك فەنسىندىن ئۆگىنىشتە، ئۇنىڭ پاك-دىيانەتلىك بولىدىغان، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئالىيجاناب ئەخلاقىنى ئۆگىنىش كېرەك. پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش كوممۇنىستلاردا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتتۇر. رەھبىرىي كادىرلار كۆك فەنسىنغا ئوخشاش پاك بولۇشنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇماسلىقى، ھەممە يەردە پاكلىقنى ساقلىشى، پاكلىق جەھەتتە باشلامچى بولۇپ ئۈلگە بولۇشى كېرەك. بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دولقۇنىدا، ئەيش-ئىشرەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەيپ-ساپانىڭ زەربىسى ئاستىدا، ھەر بىر پارتىيىلىك كادىر قەددىنى تىك تۇتۇپ، پۇل ۋە ھوقۇقنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك. ئاما رەھبەرىي كادىرلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، يۈرۈش-تۇرۇشىنى كۆزىتىدۇ، ئەگەر ئېغىزىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش توغرۇلۇق سۆزلەپ، ئەمەلىيەتتە ناتوغرا ئۇسۇللار بىلەن شۇغۇللانسا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ھەم رەھبەر بولۇش سالاھىيىتى ۋە شەرتىنىمۇ يوقىتىپ قويىدۇ. شۇڭلاشقا، ھەر بىر رەھبەرىي كادىر ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، رەھبەرىي كادىرلارنىڭ پاك-دىيانەتلىك بولۇش جەھەتتىكى ئېسىل ئوبرازىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن تىكلىشى كېرەك.

يولداش كۇڭ فەنسېندىن ئۆگىنىشتە، ئۇنىڭ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، راستچىللىق، ئەمەلىيەتچىللىك بىلەن ئىشلەيدىغان ئېسىل ئۇستىلىنى ئۆگىنىش كېرەك. يېڭى دەۋرنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى سوتسىيا-لىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېر-سال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. يېڭى دەۋردىكى رەھبەرىي كادىر بولغان كىشى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشى، يول ئېچىش روھى بىلەن بىڭىلىق يارىتىش، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتەك روھىي قىياپەتكە ئىگە بولۇشى، پۇختىلىق بىلەن ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشتەك ئېسىل ئۇستىلغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ھازىر بەزى رەھبەرىي كادىرلىرىمىز چۈشكۈنلىشىپ، ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلمەيدىغان بولۇپ قالدى، ياكى مەيخانا-تانسىخانىلارغا مەپتۇن بولۇپ، يەپ-ئىچىپ، ئويۇن-تاماشاغا بېرىلىپ كەتتى، يەنە بەزىلىرى شەكىللۋازلىق قىلىشقا، ئىسمى بار جىسمى يوق ئىشلارنى قىلىشقا بېرىلىپ، پۇختا ئىشلىمەي لەيلەپ يۈرۈش ئۇستىلىنى ئېپادىلىدى، ھەتتا ساختىپەزلىك قىلىپ، يۇقىرىسى ئالداپ، تۆۋەندىن يوشۇردى. كۇڭ فەنسېن بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ يولداشلار خىجىل بولۇشى، ھېلىقى ئۇستىللارنى ئاڭلىق ھالدا تېزدىن تۈزىتىۋېلىشى كېرەك. بۇنداق كادىرلارغا تەشكىل قاتتىق تەنقىد قىلىپ تەربىيە بېرىشى، قاتتىق چارە كۆرۈشى، ھەتتا ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىشى كېرەك.

يولداش كۇڭ فەنسېندىن ئۆگىنىشتە، ئۇنىڭ جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىدىغان، تەسلىكنى بىلىپ تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان جان پىدالىق روھىنى ئۆگىنىش كېرەك. جەددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان زاماندىلا قەھرىمان ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەلەيدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشتا، ھەر بىر رەھبەرىي كادىردا جەزمەن خەلق ئاممىسى جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلەپ، مەقسەتكە يەتمىگۈچە توختىمايدىغان كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى، تەسلىكنى بىلىپ تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرى-

لەيدىغان، قىيىنچىلىقتىن غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان كۈچلۈك ئىرادە بولۇشى، ئاڭلىق ھالدا جاپالىق جايلارغا بېرىپ چېنىقىش ۋە سىناقتا بەرداشلىق بېرىدىغان غايەت زور غەيرەت-شىجائەت بولۇشى كېرەك. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھالقىلىق پەيتتە تۇرۇۋاتىدۇ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە، بۇنداق ئەھۋالدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار-نىڭ يولداش كۆڭ فەنسېنغا ئوخشاش، تەسلىكنى بىلىپ تۇرۇپ ئىلگىرىلەشكە، قىيىنچىلىق بىلەن كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى، ئېگىلمەي-سۇنماي قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىشى تېخىمۇ زۆرۈر.

## كىشىنى جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان ئۈلگە

سان-ساناقسىز كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، كىشىلەرنى جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان ئۈلگە بىزنىڭ ئالدىمىزدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. يولداش كۆڭ فەنسېندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە، چوڭقۇر، پۇختا، ئۈنۈملۈك ھالدا قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ — 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كادىرلارنىڭ ساپا-سىنى ئۆستۈرۈشتىكى بىر ئەمەلىي چارە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيە نىزامنامىسى-نى ئۆگىنىشتىكى جانلىق دەرسلىك، شۇنداقلا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاشتىكى مۇھىم تەدبىر. بۇ — دەۋرنىڭ چاقىرىقى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ ئۆگىنىش پائالىيىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، بىز چوقۇم بۇ ئىشنى چىڭ، پۇختا تۇتۇپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك.

تونۇشنى ئۆستۈرۈش كېرەك. نۆۋەتتە، بەزى يولداشلار، كۆڭ فەسېن روھى بەك ئالىيجاناب روھ ئىكەن، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئىنتايىن قىيىن ئىكەن، دەپ قارىماقتا. ئەمەلىيەتتە كۆڭ فەنسېننىڭ ئالىيجاناب روھى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ پارتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەمەلىي ھەرىكىتىدە، ئۇنىڭ جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئەمەلىيىتىدە ئىپادىلەنگەن. گەپ قىيىن بولۇش-بول-

ماسلىقتا ئەمەس، بەلكى ئۆگىنىش-ئۆگەنمەسلىك، قىلىش-قىلماسلىقتا. چىن دىلىمىزدىن ئۆگەنسەك، چىن دىلىمىزدىن ئىشلىسەكلا قىيىن ئەمەس. بىز كۆك فەنسىيدىن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىشتا ھەر بىر رەھبىرىي كادىردىن بىرنەچچە بالىنى بېقىۋېلىشنى، كىچىك دورا ساندۇقىنى دۈمبىسىگە يۈدۈۋېلىشنى تەلەپ قىلمايمىز، بەلكى كۆك فەنسىينىڭ روھى ئارقىلىق ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى، مەسىلەن، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىش، يەپ-ئىچىپ تاماشا قىلىش، شەكىللۋازلىق قىلىش، يالغان گەپ قىلىش، لاپ ئېتىش، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولماسلىق قاتارلىق ئىللەتلەرنى تۈزىتىشنى تەلەپ قىلىمىز، بۇنىڭ نېمىسى بولمايدىكەن؟ تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ”گەپ قىلالماسلىقتا ئەمەس، قىلىشنى خالىماسلىقتا!“ يەنە بەزى كىشىلەر، كۆك فەنسىين بەك ”ئەخمەق“، بەك يۇۋاش ئادەم ئىكەن، كىم ئۆگەنسە شۇ زىيان تارتىدۇ، دەپ قارىماقتا. بۇمۇ بىر خىل خاتا كۆزقاراشتۇر. كۆك فەنسىين ھەقىقەتەن سەممىي ئادەم. ئۇ پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا سەممىي ئاۋاز قوشۇپ، ئاما ئۈچۈن سەممىي ئىش قىلىپ بەرگەن، پارتىيە ۋە خەلققە ھېچقانداق شەخسىي تەلەپ قويمىغان، نۇرغۇن ”زىيان“ تارتقان، لېكىن كومپارتىيە ئەزاسى بولغان كىشىدە مۇشۇنداق ”زىيان تارتىش“ روھى بولۇشى لازىم. ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ”ئەخمەق“لىكىگە، ”زىيان تارتىش“ روھىغا تايىنىش ئارقىلىقلا پارتىيىمىز كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىگە ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. تىنچ قۇرۇلۇش دەۋرىدە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ”ئەخمەق“لىكى ۋە ”زىيان تارتىش“روھى يەنىلا زۆرۈر. ”ئۆزەم زىيان تارتسام تارتىمەنكى، مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن كىشىلەر بەختكە ئېرىشسۇن“، بۇ ھەقىقىي كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ يۈرەك ساداسى. بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىر مەيدان چوڭقۇر ئىنقىلاب، ئالدىمىزدا تېخىمۇ مۇشكۈل ۋەزىپە تۇرۇپتۇ، بۇنداق ئەھۋالدا مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ”زىيان تارتىش“ روھىنى جارى قىلدۇرۇشى، ئىنقىلاب ئۈچۈن رازىمەنلىك بىلەن ”ئەخمەق“لەردىن بولۇشى تېخىمۇ زۆرۈر. مۇشۇنداق ”ئەخمەق“ قانچە كۆپ بولسا، پارتىيىمىزنىڭ ئىناۋىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، ئىشلىرىمىز شۇنچە ئىشەنچلىك بولىدۇ. يەنە بەزى پارتىيىلىك كادىرلار، كۆك فەنسىيدىن ئۆگىنىش رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىشى، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز يوق، دەپ قارىماقتا. كۆك فەنسىين رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۈلگىسى بولغاندىكىن، ئۇنىڭدىن ھەر بىر رەھبىرىي كادىر ئۆگىنىشى كېرەك، لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، كۆك فەنسىين نامايان قىلغان خالىس تۆھپە يارىتىش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش روھى ئەينى ۋاقىتتا ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسىدا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتمۇ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىمۇ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ،

تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، پوزىتسىيىسىنى توغرىلاپ، بۇ ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇشى، مۇجمەل تونۇشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىدىيىدىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، ئاڭلىق ھالدا كۆك فەنسىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرىنى ۋە ئالىيجاناب روھىنى كىشىلىك تۇرمۇش نىشانى ۋە ھەرىكەت قىبلىنامىسى قىلىپ، تۈرلۈك بوران-چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىغا ھەقىقىي بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، كومپارتىيە ئەزاسى ۋە خەلقنىڭ چاكىرى دېگەن شەرەپلىك نامغا ھەقىقىي مۇناسىپ كېلىدىغان بولۇشى كېرەك.

تۈپ مەسلىنى تۇتۇپ ئۆگىنىش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى: ”توغرا دۇنياقاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەش، ھەر بىر كادىر ۋە پارتىيە ئەزاسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆتمۈشتە ھەممىدىن مۇھىم مەسىلە ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنـداق بـولىدۇ.“ توغرا دۇنيا قاراش ۋە توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى —دۇرۇس ئادەم بولۇشنىڭ يولى ھەم ئاساسى. يولداش كۆك فەنسىن شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى دەۋردىكى قەھرىمان بولۇپ چىقالىغانكى، ئەڭ ئاساسلىقى، ئۇ توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزغان. ئۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش دەۋرىدە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئالىي نىشانى، ئەڭ زور قىممىتى نېمە دېگەن مەسىلىگە ئالىيجاناب پەزىلىتى ئارقىلىق، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولغان ھالدا جاۋاب بەردى. بىزنىڭ بەزى كادىرلىرىمىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەتنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكى، ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا ماڭغانلىقى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلىمىگەنلىكى ياكى دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىشنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقىدىن، ئادەم نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ، قانداق ياشاش ئەھمىيەتلىك بولىدۇ دېگەن مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلالمىغانلىقىدىن بولغان. شۇڭا، كۆك فەنسىندىن ئۆگىنىشتە چوقۇم مۇشۇ تۈپ مەسىلىنى چىڭ تۇتۇپ ئوبدان ئۆگىنىش كېرەك. كەڭ كادىرلار بولۇپمۇ ياش كادىرلار كۆك فەنسىننى ئۈلگە قىلىپ، توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشى، كوممۇنىستىك غايە ۋە ئېتىقادىنى چىڭىتىشى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى، خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت مۇنبەت تۇپراققا يىلتىز تارتىشى، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەتكە پائال ئاتلىنىشى، ئاڭلىق تۈردە جاپالىق جايلارغا بېرىپ، چېنىقىشى ۋە سىناقنى قوبۇل قىلىشى، شۇ ئارقىلىق، ئەسىر ئاتلايدىغان مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىنى ھەقىقىي تۈردە ئادا قىلالايدىغان ئادەملەردىن بولۇشى لازىم.

مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. ھەممە ئادەم كۆك فەنسىندىن ئۆگىنىشى كېرەك، لېكىن مۇھىم نۇقتا رەھبىرىي كادىرلاردۇر. رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە ئىشلىرىنىڭ تايانچ كۈچى. شۇڭا، رەھبىرىي

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى www.uyghurkitap.com

كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىنى ئوبدان تۇتۇش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە ئۆگىنىش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ، ئەمەلىي ئۈنۈم هاسىل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. كۆلۈڭ فەنسىن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۈلگىسى بولغاچقا، ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، كۆلۈڭ فەنسىندىن ئۆگىنىش تېخىمۇ بىۋاستە، تېخىمۇ يېقىملىق بولىدۇ، شۇنداقلا تېخىمۇ كۈچلۈك رېئاللىققا ۋە قاراتمىلىققا ئىگە بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم ئۈلگە بولۇپ، ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىشنى ئۆزىدىن باشلىشى، ھازىردىن باشلىشى، كونكرېت ئىشلاردىن باشلىشى، ئۆزىگە يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئەستايىدىل ئۆگىنىش، سىلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش، ھەرىكىتىدە كۆرستىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارغا ھەققىي تۈردە ئۈلگە كۆرسىتىپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى ۋە ئۆز ئىدارىسىنىڭ ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. كۆلۈڭ فەنسىندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا، چوقۇم پۇختا ئىش كۆرۈپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئۆگىنىشنى پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك غايە ۋە ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇش جەھەتتىن ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئۆگىنىشنى خالىسانە تۆھپە يارىتىش، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەھەتتىن ئەمەلىيلەشتۈرۈش، چىن كۆڭۈل-سەممىي نىيەت بىلەن خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەش، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش كېرەك. ئۆگىنىشنى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش، پارتىيە ئىستىلى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىن ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەركەزنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى، پەرزەنتلىرىنى ۋە ئۆز يېنىدىكى خىزمەتچى خادىملارنى ئوبدان باشقۇرۇش، مەسىلە سېزىلسە ۋاقتىدا تۈزىتىش كېرەك، ئورۇنسىز يول قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ، قانات ئاستىغا ئېلىشقا، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. ئۆگىنىشنى ئۆز خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەش جەھەتتىن ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلغاندىلا، ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ. كۆلۈڭ فەنسىن بارغانلا يېرىدە ئىخلاس بىلەن قېتىرقىنىپ ئىشلەپ، ئەڭ ياخشى نەتىجە يارىتىشقا تىرىشقان. ھەممە يولداشلار ئۇنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈپ، ئۆز خىزمىتىنى نەتىجىلىك ئورۇنداشنى ئۆز بۇرچۇم دەپ بىلىشى، جاپاغا چىداپ كەسپىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەقىل-پاراستىنى جەمئىيەتكە ۋە خەلققە بېغىشلىشى كېرەك.

چوڭقۇر ۋە ئۇزاققىچە ئۆگىنىش لازىم. كۆلۈڭ فەنسىن — بىر ئەينەك، ئۈلچىگۈچ ھەم بايراق، ئۇ

بىز ئۈچۈن شانلىق ئۈلگە تىكلىدى، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرىنى ئاڭلىغاندا تەسىرلىنىپ، سۆزلىگەندە ھاياجانلىنىپ، ھەرىكەتكە كېلىدىغان چاغدا غايىپ بولۇپ كېتىدىغان، بىر مەھەل ئۆگىنىپلا بولدى قىلىپ قويىدىغان پوزىتسىيىنى تۇتۇشقا بولمايدۇ، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تەكشۈرۈپ ھەيدەكچىلىك قىلىپ، بوشاشتۇرۇپ قويماي داۋاملىق تۇتۇش كېرەك. كۆڭ فەنسېننىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ۋە روھىنى يەنىمۇ كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىپ ھەممە ئۇنى ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى ۋە ئۆز ئىدارىسىدىكى ئۈلگىلىك شەخسلەردىن ۋە ئىلغار كوللېكتىپلاردىن ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قەدەممۇ قەدەم چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

ئۈلگىنىڭ كۈچى پۈتمەس-تۈگىمەستۇر، بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تىرىشىپ ئىشلەپ، يولداش كۆڭ فەنسېندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيىمىز ئىچىدە كۆڭ فەنسېنگە ئوخشاش ياخشى پارتىيە ئەزاسى ۋە ياخشى كادىرنى تېخىمۇ كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساقلا، پارتىيىمىز ھەممىدە غالىپ ئورۇندا تۇرالايدۇ، ئىشلىرىمىز غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

**(ئاپتۇر: ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

09>

9 771006 585006

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5－V 刊号：ISSN1006－5857 / CN11－2498/D

邮发代号：2－373 定价：1.50 元 邮政编码 100013